ئەسئەت سۇلايمان

# ئۆيتقۇغا كەتكەن كىرورەن گۈزىلى




بۇ ئەسەرنى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇم ئاستىغا غەرق بولغان قەدىمىي شەھەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن «كىرورەن گۈزىلى»گە بېغىشلايمەن.

## مۇقەددىمە

مىلادىيە 1901 - يىل 3 - ئاينىڭ قۇياش پارلاپ تۇرغان بىر كۈنى. تەكلىماكاننىڭ شەرقىي گىرۋىكىدىكى شەرقىي مېرىدىئان 22° ، 55′ ، 89° بىلەن شىمالىي پاراللېل 55″ ، 29′ ، 40° كېسىشكەن نۇقتىغا جايلاشقان قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئۈستىدە بويىنىغا شۈيتسىيىنىڭ قارا يۇڭ شارپىسىنى ئورىغان ، ئۈستىگە يېنىك جۇۋا ، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق كۆن ئۆتۈك كىيىپ ، كىچىك كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر ياۋروپالىق ناتونۇش

سەيياھ مۇگدەپ ياتقان قۇم بارخانلىرىغا نەزەر تاشلىغىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇراتتى.



ئۇ، گاھىدا قولىدىكى چىرايلىق ھاسىسى بىلەن قۇم دانىچىلىرىنى چوقۇپ قوياتتى، گاھىدا شەرقىي شىمال تەرەپنىڭ ناھايىتى يىراق بىر يېرىدىكى قۇرۇپ ئاقارغان قومۇشلارنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر پارچە سارغۇچ بوشلۇققا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالاتتى...

ھاۋانىڭ شۇنچە ئوچۇق بولۇشىغا قارىماي، ئەتىيازنىڭ غۇر - غۇر شاملى سوقۇشقا باشلىدى، خارابە دۆڭلۈكلىرىدىن سانسىزلىغان ئۇششاق قۇم دانىچىلىرى شامال يۆنىلىشىگە ئەگىشىپ تىنىمسىز ئاقاتتى، بۇ يەردىن قايسىلا تەرەپكە قارىسا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن زەڭگەر ئاسمان بىلەن بوزىرىپ ياتقان قۇم دېڭىزىدىن باشقا ئالاھىدە مەنزىرىلەرنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. كۈن چۈشكە يېقىنلاشقان چاغدا ھېلىقى ناتونۇش سەيياھ بىر خارابىلىكتىن خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ بىر تارىشا پۈتۈكنى قېزىۋالدى. تارىشا پۈتۈككە قارۇشتى يېزىقىدا ئىككى قۇر خەت پۈتۈلگەن بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى ۋە قۇم - بورانلارنىڭ زەربىسى نەتىجىسىدە خەتلەر ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغان ئىدى. سەيياھ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تارىشا پۈتۈكنى ئاۋايلاپ خالتىسىغا سالدى. گەرچە ئۇ، قارۇشتى يېزىقىنى ئۇقمىسىمۇ، لېكىن مۇشۇ قۇم دېڭىزى ئاستىغا غەرق بولغان نامەلۇم شەھەرنىڭ سىرى مۇشۇ تارىشا پۈتۈكتىكى ئىككى قۇر خەتتە ئايان بولىدىغاندەك، ئاجايىپ سىرلىق ھاياجانغا چۆمدى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ياۋروپالىق سەيياھ بۇ خىلۋەت خارابىلىكتىن يىغىۋالغان خىلمۇخىل ئەۋرىشكىلىرىنى بىرقانچە تۆگىگە ئارتىپ ئىچكى ئاسىيانىڭ قۇرغاق داللىرىنى بويلاپ ياۋروپاغا قايتتى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئىچكى ئاسىياغا قىلغان سەپىرى ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ زور ئامەتلەرگە ئىگە قىلدى، ياۋروپالىق ئالىملار ئۇ ئېلىپ كەلگەن تارىشا پۈتۈكتىكى خەتنى «كىرورايىنا» (KRORAINA) دەپ ئوقۇدى. شۇنداق قىلىپ، كرورەن ئېلى قۇم ئاستىغا غەرق بولۇپ، ئازغىنا كەم 2000 يىل ئۆتكەندىن كېيىن



ئىنسانلار ئۇنى قايتا بايقىدى. كرورەن شەھىرىنىڭ بايقىلىشى ھېلىقى ناتونۇش سەيياھنى ياۋروپادىكى مەشھۇر ئەربابقا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىللە بىرقانچىلىغان داڭلىق كىتابلارنىڭ ئاپتورى قىلىپ قويدى. بۇ زات شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن ئىدى.

ئېھتىمال تارىختىكى كرورەن دۆلىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان دەۋرى دەل لوپنۇر كۆلىنىڭمۇ يېنىك شاماللاردا مەۋج ئۇرۇپ، تەكلىماكان قىرغاقلىرىغا بۈركۈن چېچەكلىرى سېپىۋاتقان ئالتۇن دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان دەۋر بولسا كېرەك... شۇنىڭدىن كېيىن، لوپنۇر كۆلى تەبىئەتنىڭ قەھر - دەھشىتى ئاستىدا سانسىز قېتىم ئورۇن يۆتكىدى، ئاۋات شەھەر دۆلىتى — كرورەنمۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سىر - ئەسرالىرى بىلەن بىللە تەكلىماكان چۆلىنىڭ قۇم بارخانلىرى ئاستىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

ئارىدىن چەكسىز ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپ كەتتى...

كىشىلەر ئاخىرقى ھېسابتا كرورەن شەھىرىنى قايتا بايقىدى.

تەكلىماكاننىڭ شەرقىي بۇرجىكىدە ئاللىقاچان غايىب بولغان كرورەن شەھەر دۆلىتىنىڭ سىرلىق ئۆتمۈشى ھەققىدە كىشىلەر نۇرغۇن قېتىم گۈزەل قىياسلارنى قىلىپ باقتى، لېكىن ھېچكىممۇ قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ رومانتىك تەبەسسۇمى بىلەن ئاچچىق كۆز يېشى گىرەلىشىپ كەتكەن سىرلىق دەقىقىلىرىنى تولۇقى بىلەن يورۇتۇپ بېرىشكە قادىر ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا مەڭگۈ قادىر بولالمايتتى.

## 1

ئوتتەك يېنىپ تۇرغان قۇياش تەكلىماكان چۆلىنىڭ غەربىي بۇرجىكىگە ئاستا - ئاستا يېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى چەكسىز يىراقلارغا سوزۇلغان دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، كرورەن شەھەر سېپىلىنىڭ خاك بىلەن

چىڭدالغان ئېگىز تاملىرىنى سۈس يورۇتۇپ تۇراتتى. شىمالدىكى قۇرۇق تاغ تەرەپتىن سوققان غۇر - غۇر شامال ئەينەكتەك سۈزۈك كۆل سۈيىنى تىنىمسىز چايقاپ، شەھەرگە ئارامبەخش نەم هاۋانى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. كۈندۈزدىن بۇيان تەكلىماكان قۇياشىنىڭ تونۇردەك قىزىق تەپتىدە بىرمەھەل جىمىپ قالغان شەھەر كوچىلىرى گۇگۇم چۈشۈپ هاۋا تەدرىجىي سوۋۇشقا باشلىشى بىلەنلا قايتىدىن جانلانماقتا ئىدى...

ھايال ئۆتمەي ھەممە نەرسە كېچە قاراڭغۇلۇقىغا چۆكتى. تىنىق ئاسمان بارغانسېرى روشەنلىشىپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى. ناھايىتى يىراقلاردىن لوپنۇر كۆلىگە تىنىمسىز قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈس شاۋقۇنى ئاڭلانماقتا ئىدى. ئاي كۆتۈرۈلدى. ئەمدى شەھەرنىڭ ئانچە راۋۇرۇس بولمىغان تۆت چاسا سېپىلى، ئېگىز - ئېگىز پەشتاق مۇنارلىرى، توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا ئۆزئارا كىرەلەشمە ھالەتتە سوزۇلغان كوچىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شەھەر سېپىلىدىن ئانچە يىراق بولمىغان. جەنۇبقا قاراپ پايانسىز سوزۇلۇپ كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقى سۈتتەك ئاي نۇرىدا گويا چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەندەك بىر خىلدا بوزىرىپ ياتاتتى.

ئاي خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، هاۋا تىنىشقا باشلىغان بىر چاغدا ئوردا جايلاشقان شەھەر مەركىزى تەرەپتىن كاناي - بۇرغىلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان كىرورەن شەھىرى گويا مۇشۇ سىگنالنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بىردىنلا شاۋقۇن - سۈرەنگە تولدى. تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلغان كىشىلەر توپى گويا دېڭىزدەك تەۋرىنىپ، ئوردائالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا قاراپ ئاستا - ئاستا ئېقىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوردائالدىدىكى كەڭرى مەيدان ئادەم دېڭىزىغا تولدى. بىرھازادىن كېيىن كىشىلەرنىڭ قالايمىقان شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بېسىقىپ، قاتار - قاتار سەپ بولۇپ تىزىلىشقا باشلىدى، ھەممە سەپراس بولۇپ سەپكە تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن. لەشكەرلەر قاتمۇقات ھىمايە قىلىپ تۇرغان ئوردا دەرۋازىسىدىن



ئويناقشىپ تۇرغان پەرغانە ئارغىماقلىرى قوشۇلغان چىرايلىق مەپىلەر چىقىپ كەلدى. ئەڭ ئالدىدىكى ئاق ئارغىماقلار قوشۇلغان مەپە قاغان بىلەن خانىشنىڭ، ئۇنىڭ كەينىدىكىسى مەلىكىنىڭ، ئۇچىنچىسى ۋەزىرلەرنىڭ، ئۇنىڭ كەينىدىكىلىرى بولسا، لەشكەر باشلىقلىرى، ئاتامانلار ۋە ئوردا مەنسەپدارلىرىنىڭ مەپىلىرى ئىدى.

مەپىلەرنىڭ ھەممىسى مەيدانغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، تۆت ئەتراپىنى تولۇق قوراللانغان لەشكەرلەر قورشاپ ئالدى. خېلىدىن بۇيان سۈكۈت ئىچىدە مەپىلەرگە كۆز سېلىپ تۇرغان كىرورەن شەھەر خەلقى بىردەك ئاۋازدا قاغانغا ھۆرمەت بىلدۈردى:

— كۆك تەڭرى ئىنانغان① قاغانلارنىڭ قاغانى ئىنال قاغانغا قۇللۇق!

— پارلاپ تۇرغان قۇياشتەك كۆرۈكلۈك② خانىشىمىز يۇلتۇز خاتۇنغا، كىرورەننىڭ غۇرۇرى بولغان مەلىكىمىز ئايقۇتقا چەكسىز - چەكسىز قۇت تىلەيمىز!

نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر توپىدىن تەڭلا ياڭرىغان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى پۈتكۈل مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. شەھەر سېپىللىرى ۋە ھەيۋەتلىك قەلئە - مۇنارلاردىن قايتقان ئەكس سادالار يىراق - يىراقلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كەڭرى مەيداندىكى تەۋرەپ تۇرغان كىشىلەر توپى سەپ - سەپى بىلەن شەھەرنىڭ كۈنچىقىش دەرۋازىسىغا قاراپ قوزغىلىشقا باشلىدى. ئەڭ ئالدىدا ئۈچ قاتار بولۇپ ئاتلىق لەشكەرلەر، ئاندىن پىيادە لەشكەرلەر، ئوتتۇرىسىدا ئوردا مەپىلىرى ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن كىرورەن شەھەر خەلقى ئەگىشىپ ماڭدى.

شەھەرنىڭ كۈنچىقىش دەرۋازىسى كەڭرى ئېچىۋېتىلدى، بۇ شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ، مۇداپىئەسى ئەڭ كۈچلۈك قوۋۇق ئىدى،

① ئىنانغان — ئىشەنگەن.
② كۆرۈكلۈك — چىرايلىق، كۆركەم (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى).

دەرۋازىدىن چىقسىلا چوڭقۇر خەندەك ئۈستىدىن — ھەم چوشۇرۇشكە ، ھەم يىغىۋېلىشقا بولىدىغان ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . بۇنداق ئاسما كۆۋرۈكلەر شەھەرنىڭ ئوتتۇرا تەرىپىدىكى دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بار ئىدى . شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىنى بويلاپ چوڭقۇر قېزىلغان خەندەكلەر پايتەختنىڭ بىرىنچى تاشقى مۇداپىئەسى بولۇپ ، ئۇنىڭغا كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى لىق توشقۇزۇۋېتىلگەن ئىدى .

كرورەن شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش دەرۋازىسىدىن چىقسا ئۇدۇللا لوپنۇر كۆلىگە بارغىلى بولاتتى . لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇمۇشلۇق ساھىلىنى بويلاپ يەنىمۇ شەرققە ماڭغاندا ، پىشامشان ، ئۈۋىرغول ( ئۈيغۇرغول ) ۋە دۇرخان ( دۇنخۇاڭ ) تەرەپلەرگە كىرىپ كېتەتتى .

شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرەپتىكى دەرۋازىسى ئادەتتە كۆنچى قوۋۇقى دەپمۇ ئاتىلاتتى . بۇ دەرۋازىدىن چىققاندا ، ئالدى بىلەن كۆنچى دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ ، قۇرۇق تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ چېدىر ، قارا شەھەر ، كۇسەن ئەللىرىگە بارغىلى بولاتتى .

شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى مىرەن قوۋۇقى دەپمۇ ئاتىلاتتى . بۇ يەردىن چىققاندا ، ئۇزاق ئۆتمەيلا لوپنۇر كۆلىگە تىنىمسىز ئېقىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ سۇغا دۇچ كېلەتتى . تارىم دەرياسىنىڭ شەرقىي تارماق ئېقىنلىرى بىلەن چەرچەن دەرياسى تەيتېم كۆلىدە ئۆزئارا قوشۇلغاندىن كېيىن ، شەرققە قاراپ ئېقىپ مىرەن دەرياسى بىلەن ئۇچرىشاتتى - دە ، ئۇدۇل لوپنۇر كۆلىگە بارىدىغان ئۇلۇغ ئېقىننى ھاسىل قىلاتتى . مۇشۇ ئېقىندىن ئۆتۈپ مىرەن دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەندە ، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرى ئارقىلىق كېرىيە ۋە ئۇدۇن ئەللىرىگە بارغىلى بولاتتى .

كۈنچىقىش قوۋۇقتىن چىققان كرورەن شەھەر ئاھالىسى ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ ياتقان جىمجىت دالىنى بويلاپ لوپنۇر كۆلىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى .

بۈگۈن يىل ھېسابى بويىچە تومۇز ئېيىنىڭ 13 - كۈنى ، يەنى كۆك



تەگرىسى بىلەن يەر - سۇ تەگرىسىنىڭ شەرىپىگە ئاتاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇئا مۇراسىمى باشلانغان كۈن ئىدى . بۇ مۇراسىمغا قاغان ۋە خانىشلاردىن تارتىپ ئاددىي شەھەر خەلقىگىچە ھەممىسى قاتنىشاتتى . سۈكۈتكە پېتىپ ياتقان لوپنۇر كۆلى قىرغاقلىرى قايىنام تاشقىنلىققا چۆمەتتى .

كېچىلەر تولىمۇ لوپنۇر كۆلىگە يېقىنلاشقانسېرى بىر خىل نەم ، ئارامبەخش ئىللىق شامال ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى . بەرق ئۇرۇپ چېچەكلىگەن يۇلغۇن ۋە توغراقزارلىقلاردىن ئادەمنى مەست قىلغۇچى ئاجايىپ بىر خىل خۇش پۇراق تارقالماقتا ئىدى .

سەپنىڭ ئالدىدا قاتار - قاتار مەپىلەر يۇمشاق قۇمساق يولدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېتىپ باراتتى . بىردىنلا ئوتتۇرىدىكى چىرايلىق بېزەلگەن كۆك رەڭلىك مەپىنىڭ يىپەك پەردىسى بىلىنەر - بىلىنمەس قايرىلىپ ، بىر قىزنىڭ بېشى كۆرۈندى . قىزنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن رەڭ چەمبىرەككە قادالغان ئۈچ دانە ياقۇت كۆزلۈك بېزەك ئايئاق ئاي نۇرىدا ۋال-لىلداپ كۆزنى چاقاتتى . قىز گويا ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن بۇ گۈزەل كېچىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ، تىنىق ئاقۇش رەڭ ئاسمانغا ، چېچەك باسقان يۇلغۇن - توغراقلارغا ، تېخىمۇ يىراقلاردا ئاسماننىڭ ئۇ بۇرجىكىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن قۇملۇقلارغا تويماي قاراشقا باشلىدى .

— ئەي گۈزەل مەلىكە ، ئېيتىڭا ، نېمىگە شۇنداق قاراۋاتىسىز ؟

مەلىكىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان كېنىزەك ئەتراپتىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغان مەلىكىنى يېنىك نوقۇپ قويدى .

خىيالدىن چۆچۈگەن مەلىكە ئايقۇت سىرتتىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ جاۋاب بەردى :

— بۇ ياققا قارا ، ئۈزچېچەك ، ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن داللارغا قاراپ باققىنا ، ھەممە نەرسە ، ھەتتا قۇملۇقلارمۇ يالتىراۋاتىدۇ ... قانچىلىك گۈزەل كېچە - ھە ! مەن تولىمۇ خۇشال !

— خۇشاللىق ئۆمۈرۋايەت سىزگە يار بولسۇن ، مەلىكەم ! —

دېدى كېنىزەك چوڭقۇر تىنىپ، — بۈگۈن كېچىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنايلى، كرورەندە بۇنداق كېچىلەر ئاز كۆرۈلىدۇ!

ئۇلار ئىككىسى تەگلا پەردىنى قايرىپ، سىرتتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇردى. مەپە چاقلىرى قۇمساڭ يوللارغا پېتىپ - پېتىپ ماڭاتتى. شاش ئارغىماقلار بەزىدە بىر - بىرىنى چاپچىپ، يېنىك - يېنىك كىشنەپ قوياتتى. ئۇزاق ئۆتمەي كۆل تەرەپتىن مۇزدەك سوغۇق ئېقىن كېلىشكە باشلىدى. ھاياجان ئىچىدە ئولتۇرغان مەلىكە نازۇك مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.

مەپىلەرنىڭ سۈرئىتى تېزلەشتى، يىراقتىن كۆل يۈزى كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. مەپىلەرنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان ئاتلىقلار ئاتلىرىنى دېۋىتىپ ئالدىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. مەلىكىنىڭ كۆزلىرى ئاق قاشقىلىق كۈل رەڭ ئارغىماققا مىنىپ مەپىلەرنى يانداپ كېلىۋاتقان بەستلىك بىر يىگىتكە چۈشتى. يىگىت تولۇق قوراللانغان بولۇپ، قىسقا قونچلۇق ئۆتۈكى بىلەن ئېتىنى توختىماي دېۋىتىپ كېتىپ باراتتى. قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەن ئىدى. يىگىت مەلىكە ئولتۇرغان مەپىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز لەپپىدە بىر قارىغان ئىدى، كۆزلىرى مەلىكىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ غەيرىي نورمال بىر خىل ھالەتتە مەلىكىگە قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يىگىت كىم بولغىيدى، دەپ ئويلاپ قالدى مەلىكە. ئۇ ئوردا ئىچىدە بۇ يىگىتنى ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدى. سەزگۈر كېنىزەك مەلىكىنىڭ خىياللىرىنى بىلىۋالغاندەك گەپ ئاچتى:

— بايىقى ئاق قاشقىلىق ئارغىماققا مىنگەن تۇرگۇن يىگىتنى تونۇمىسىزكىن، مەلىكەم، — دېدى كېنىزەك ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك بىر خىل قىياپەتتە، — ئۇنى كۆرگەن كېنىزەكلەر ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ يۈرگەنمىش!...

— ھەم، مۇنداق دېگىن، مەن ئۇ يىگىتنى كۆرۈپ



باقماپتىكەنمەن.

— قىزىق، مۇشۇ كەمگىچە تونۇماي يۈرۈپسىز - دە!؟

— شۇنداق، قېنى دېگىنە، ئۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟ — مەلىكە ئىچكى ھاياجىنىنى يوشۇرالمىدى.

— بارۇمتاي![1] تۇرقاقلىقتا تۇرۇۋاتقان توخرى ئېلىنىڭ شاھزادىسى، ئۇنى ئۇستا مەرگەن، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان باتۇر يىگىت دېيىشىدۇ. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئۇ تولىمۇ مەغرۇر، نەزىرى ئۈستۈندەك كۆرۈنىدۇ. مەن شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك كۈلۈمسىرەپ باققىنىنى كۆرۈپ باقمىغان...

كېنىزەك ئاستاغىنا مەلىكىگە قارىدى. مەلىكە بىر خىلدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە ئىختىيارسىز سوراپ قالدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى شەرىپى نېمىكىن؟

— چاد تېگىن!

— چاد تېگىن! — مەلىكە ئىچىدە سۈس تەكرارلىدى - دە، ئىپادىسىز بىر ھالەتتە يىراقلارغا قارىۋالدى.

ئالدى تەرەپتىن ئاي نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان لوپنۇر كۆلى كۆرۈندى. كۆل يۈزى ئاجايىپ تىنچ ۋە تەكشى ئىدى. پۈپۈك چىقىرىشقا باشلىغان قومۇشلارنىڭ ئۇچلىرى گاھى - گاھىدا لەپەڭشىپ قالاتتى. كىشىلەر توپى كۆلنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى كەڭ كەتكەن قۇمساڭ ساھىلغا كېلىپ توختىدى.

ئوتتۇرىدىكى بوشلۇققا پاياندار سېلىنىپ، قاغان، خانىش، مەلىكە

[1] بارۇمتاي — قەدىمكى زاماندا ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پادىشاھنىڭ شاھزادىسى قارشى ئەلنىڭ پايتەختىدە گۆرۈ ئورنىدا تۇراتتى. بۇلار تۇرقاق ياكى بارۇمتاي دەپ ئاتىلاتتى.

ۋە ئوردا ئاقساقاللىرى رەت - رەتى بىلەن ئورۇن ئالدى. قىرغاق بويلاپ بىرقانچە جايغا ئۇلۇغ گۈلخانلار يېقىلدى. گۈلخان ئەتراپىنى نەچچە مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى، قوراللىق لەشكەرلەر ئىگىلىدى. ئاشۇ دەقىقىدە قانچىلىغان كۆزلەر چەكسىز ھۆرمەت ۋە چوقۇنۇش ھېسسىياتى ئىچىدە تىنىق كۆل يۈزىگە تىكىلدى. بىرمەھەللىك ئېغىر جىمجىتلىقتىن كېيىن بىر جۈپ ئەر - ئايال كاھىنىنىڭ① ئاستا سوزۇپ ئېيتقان مۇڭلۇق قەسىدىسى ئاڭلاندى. يەر - سۇ تەڭرىسىنىڭ شەرىپىگە ئوقۇلغان بۇ مۇڭلۇق قەسىدىگە كرورەنلىكلەرنىڭ دۇئا - تىلاۋىتى سىڭگەن بولۇپ، ھەربىر قەسىدە ئاخىرلاشقاندا كىشىلەر توپىنىڭ جور بولۇپ ئېيتقان ئاۋازى يۇقىرى پەللىگە چىقاتتى.

لوپنۇر كۆلى كرورەنلىكلەر ئۈچۈن ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلغۇچى مەنبە ئىدى. ئۇلار ئاسماندىكى كۆك تەڭرى، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇز تەڭرىلىرىدىن قالسىلا، يەر يۈزىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ لوپنۇر كۆلىدە تۇرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. كرورەن دۆلىتىنىڭ چەكسىز شان - شەۋكىتى ۋە سەلتەنىتىنى پۈتۈنلەي لوپنۇر كۆلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا باغلايتتى...

كاھىنلارنىڭ قەسىدىسى ئەۋجىگە چىقتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىككى سەپ قىز - يىگىت ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇلار گاھ سەكرىشەتتى، گاھ پىرقىرايتتى، قەسىدە ئەۋجىگە چىققانسېرى ئۇسسۇلچىلارمۇ ئەسەبىيلىك بىلەن توۋلىشاتتى. ئۇلار يۈزلىرىگە ھەر خىل رەڭلىك سىزىقلار بىلەن گىرىم قىلىنغان بولۇپ، بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كاھىنلارغا قوشۇلۇپ قەسىدە ئوقۇۋاتقان كىشىلەر توپىنىڭ ئاۋازى جىمجىت كۆل ساھىلىنى بويلاپ يىراق - يىراقلارغا كېتەتتى:

① كاھىن — قام ياكى باخشى. قەدىمكى كرورەنلىكلەر شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ھەر يىلى كۆك تەڭرى ۋە يەر - سۇ تەڭرىلىرىنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملەرگە ئەر - ئايال كاھىنلار يېتەكچىلىك قىلاتتى.



كۆكۈش رەڭلىك، ئەي لوپنۇر،
قۇياش سۆيگەن، پاك لوپنۇر.
مېھرىڭ ئۇلۇغ، سۈيۈڭ سوغ،
ئىنايىتىڭ كۆپ، لوپنۇر.

باش ئۈستۈڭدۇر كۆك تەڭرى،
گىرۋىكىڭدۇر قوڭۇر يەر.
تىنىقلىرىڭ — ھاياتلىق
ئۇندىن ئۈنەر ئالىپ ئەر!
...
تەڭرى تۇرغان، ئەي لوپنۇر،
كرورەنگە بەر ھۇزۇر:
كىم ئۇنتۇسا نامىڭنى،
بولسۇن مەڭگۈ كۆزى كور.
...

قەسىدە ئاھاڭى ئاجايىپ مۇڭلۇق ۋە لەرزان ئىدى، ساھىلدا ئاسمان - پەلەك يېنىۋاتقان گۈلخانلارنىڭ قىزغۇچ شولىسى ئەينەكتەك تەكشى تۇرغان كۆل يۈزىنى قان رەڭگىگە كىرگۈزگەن ئىدى. قەسىدە ئوقۇش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان قىرغاق بارا - بارا جىمىپ قالدى. گۈلخانلارمۇ ئۆچۈشكە باشلىدى.

سۈرلۈك قىياپەتتە ئەتراپقا سوغ نەزەر تاشلاپ ئولتۇرغان كرورەن قاغانى خانىش يۇلتۇز خاتۇن بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇزۇن سېلىنغان پاياندازلارنى دەسسەپ كۆل قىرغىقىغا كەلدى - دە، قوللىرىدىكى ناز - نېمەتلەر تولدۇرۇلغان ياغاچ ئاياقنى① سۇغا تاشلىدى. بىر جۈپ ياغاچ ئاياق جىمجىت كۆل يۈزىدە چوڭ - چوڭ چەمبەرلەرنى ھاسىل قىلىپ،

① ئاياق — قەدىمكى كرورەنلىكلەر ئىشلەتكەن بىر خىل ياغاچ قاچا.

ئاستا - ئاستا سۇ تېگىگە چۆكۈپ كەتتى. قاغاننىڭ ھەرىكىتىگە سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرغان كرورەن خەلقى بىردىنلا تەۋرەپ، قوللىرىدىكى ئاياق - ئاياق ناز - نېمەتلەرنى كۆلگە تاشلاشقا باشلىدى. كۆل يۈزى بىردەمدىلا خىلمۇخىل ناز - نېمەتلەر بىلەن تولدى. بۇ كرورەن خەلقىنىڭ ھەر يىلى تومۇز ئېيىدا لوپنۇر كۆلىدىكى يەر - سۇ تەڭرىسىگە ئاتاپ ئۆتكۈزىدىغان دۇئا مۇراسىمىدىكى مۇھىم ئادەتلەرنىڭ بىرى ئىدى.

تۈنجى ئاخشامقى مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. كىشلەر توپى ئاستا - ئاستا قوزغىلىشقا باشلىدى. مەلىكە ئايقۇت تېخىچە لوپنۇر كۆلىنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە قانمىغاندەك كۆل يۈزىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا نازۇك پۇتلىرىنى ئايىغى ئاستىدىكى نەم قۇمغا پاتۇرۇپ - پاتۇرۇپ ئويىنۇۋېلىشنى ئويلاپ قالدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر ئۇنداق قىلمىدى. كۆل يۈزىدىن ئۆرۈلگەن نەم شامال ئۇنىڭ قويۇق چاچلىرىنى يېنىك يەلپۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. گاھىدا يېقىنلا ئەتراپتىن قومۇشلارنىڭ شامالدا بىر - بىرىگە تېگىپ شاراقلىغان ئاۋازى كېلەتتى.

ئۇ تۇيۇقسىز كۆل قىرغىقىدا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بارۇمتاي يىگىتنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئىختىيارسىزلا «چاد تېگىن!» دەپ پىچىرلىدى. لېكىن، باشقىلار ئاڭلاپ قالدىمىكىن دەپ شۇئان ئەتراپىغا بىر قارىۋالدى. مەلىكە ھېچكىمنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلمىغىنىنى كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىدىكى ئاڭسىز ھالەتتە يۈز بېرىۋاتقان بۇ غەيرىي نورمال ھادىسىدىن ئۆزىمۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى.

بارۇمتاي يىگىت بىرھازاغىچە كۆل بويىدا خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز چۆچۈگەندەك ئەتراپقا لەپپىدە بىر قارىدى - دە، بىر ئىرغىپلا چاپچىپ تۇرغان ئارغىمىقىغا مىنىپ كېتىپ قالدى. بارۇمتاينىڭ ھەرىكەتلىرىگە زوق بىلەن قاراپ تۇرغان مەلىكە خىيالغا چۆمدى: «ئۇ نېمە ئويلاۋاتقاندۇ؟ راستىنلا مەغرۇر، باشقىلارغا بىپەرۋا يىگىتكەن ... ياكى ئۇلارنىڭ ئېلىدىمۇ بىزنىڭ لوپنۇرغا ئوخشىش-



دىغان ئۇلۇغ - ئۇلۇغ كۆللەر بارمىكىنە؟ ئېھتىمال بار بولغىيتتى. ئۇ يۇرتىنى، تاغ - دەريالىرىنى ۋە خەلقىنى سېغىنغاندۇ ... قىزىق ئىش، شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان مەن كرورەندە بۇنداق مەغرۇر بارۇمتاي يىگىتنىڭ بارلىقىنى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن! ...»

— نېمىگە شۇنداق قاراپ قالدىڭىز، گۈزەل مەلىكەم!؟ — تۇيۇقسىز يېنىدىلا ئاڭلانغان قوپال ئاۋازدىن مەلىكە ئايقۇت چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا چىلانتورۇق ئارغىمىقىنى چاپچىتقان ھالدا، كرورەن قوشۇنلىرىنىڭ ئاتامانى ئالىپ بۇقا تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ساۋۇتى بىلەن رەڭ تاللىشىپ تۇرغان سارغۇچ بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى قېلىن لەۋلىرىدە كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرگۈدەك مەسخىرىلىك ئىپادە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ھېچنېمىگە! — دېدى مەلىكە سوغۇققىنا.

— ھىم، — دېدى ئاتامان تامغىقىنى قىرىپ، — بۈگۈن قۇياشتەك پارلاپ تۇرغان جامالىڭىز باشقىچە كۆرۈنىدۇ، سىزگە كىم ئازار بېرىشكە پېتىندى، گۈزىلىم؟ يا ھېلىقى توخرى نەسلىدىن بولغان، تېگى پەس بارۇمتايمۇ؟

— ئاتامان، نېمىشقا بىكاردىنلا باشقىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە تېگىسىز؟ — دېدى مەلىكە كەسكىن ئاھاڭدا. — يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ، ماڭا ھېچنېمە بولغىنى يوق!

— ئۆپكىدىمەڭ، گۈزىلىم! — دېدى ئاتامان سىرلىق ھىجىيىپ، — ئەگەردە خالىسىڭىز بارۇمتاينىڭ كاللىسىنى ھازىرلا ئالدىڭىزغا تەييار قىلىشىم مۇمكىن.

— ھەددىڭ ئەمەس!

مەلىكە شۇنداق دېدى - دە، مەپىگە چىقىپ پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

كىشلەر توپى ئاستا - ئاستا لوپنۇر كۆلىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كرورەن شەھىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن

چاڭ - توزانلار ئېرىنچەكلىك بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى. غايەت زور كۈمۈش ئېقىنىدەك يالىلداپ تۇرغان لوپنۇر كۆلى بارغانسېرى كېچە سۈكۈناتى ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. زېمىننى ئۆزىنىڭ سۈتتەك نۇرى بىلەن يورۇتۇپ تۇرغان تولۇن ئاي تەكلىماكاننىڭ غەربىي بۇرجىكىگە قاراپ قىيسىيىشقا باشلىدى... كرورەن شەھەر خەلقى دالا سۈكۈناتىغا جور بولغاندەك ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلىپ كېتىپ باراتتى. مەلىكە ئايقۇت نازۇك قوللىرىنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ، مەينىڭ تىنىمسىز چايقىلىشىغا ھەمدەم بولۇپ، كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ئىدى.

## 2

كرورەن شەھەر ئاھالىسى لوپنۇر كۆلىدىكى دۇئا - تىلاۋەت مۇراسىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. بۈگۈن تومۇز ئېيىنىڭ 15 - كۈنى بولۇپ، ئاساسەن ياشلار پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ئادەت بويىچە، كۈندۈزدە لوپنۇر ساھىلىدىكى كەڭ كەتكەن قۇمساڭ مەيداندا ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق ۋە چېلىشىش قاتارلىق خىلمۇخىل پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلەتتى. كەچ كىرگەندە بولسا، قىز - يىگىتلەر توپ - توپ بولۇشۇپ كېمىلەرگە چىقاتتى - دە، زۇمرەتتەك كۆپكۆك لوپنۇر كۆلىدە ئەركىن ئۈزۈشۈپ، ئاي تەڭرىنىڭ — ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ چىقىشىنى تاماشا قىلاتتى.

كۈن تولىمۇ قىزىپ كەتكەچكە، قاغان باشلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى بالدۇرلا شەھەرگە قايتتى. مەلىكە ئايقۇت ئۆزىنىڭ خاس كېنىزەكلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆل بويىدا قالدى. قۇمساڭ ساھىلغا يوغان تۈۋرۈكلەر تىكىلىپ، ئاق خەسىدە چېدىر تارتىلدى. ئاق چېدىر پىژىلداپ تۇرغان كۈن نۇرىنى توسۇپ، سايە چۈشۈرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەلىكە يەنىلا



ناھايىتى تىنچىق ھېس قىلاتتى.

ئالىپ بۇقا بۈگۈنكى پائالىيەتكە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاق قاشقىلىق ئارغىماق ئۈستىدە كۆرەڭلىك بىلەن گىدىيىپ ئولتۇرۇپ، ئەتراپىدىكىلەرگە بۇيرۇق ئاھاڭىدا پات - پات توۋلاپ قوياتتى.

ھەرقايسى پائالىيەتلەر رەت - رېتى بىلەن داۋاملاشتى. مەيداندىكىلەرنىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى ئۆرلىمەكتە ئىدى. مەلىكە ئايقۇتمۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئويۇن كۆردى. ھەتتا ئۇ قويۇق چاچلىرى ئارىسىدىن قاشتېشىدەك ئاپئاق چېكىلىرىگە تەپچىرەپ چىقىۋاتقان ئۇششاق تەر تامچىلىرىغىمۇ دىققەت قىلمىدى.

قۇياش بارا - بارا غەربكە قىيسىيىپ، ئۇنىڭ ئوتتەك تەپتى يېنىشقا باشلىدى. كۆل يۈزى ئۇپۇق بىلەن گىرەلىشىپ، قىزغۇچ ھالەتكە كىرگەن ئەڭ ئاخىرقى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. ساھىلدىكى مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر توپى ئاخىرقى بىر قېتىملىق قىزىقارلىق پائالىيەت — چېلىشىشنى كۆرۈۋاتاتتى.

كرورەن بويىچە داڭقى چىققان چېلىشچى ماھىرلارنىڭ ھەرقايسىسى بىر نۆۋەتتىن مەيدانغا چۈشۈپ، ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا ئاتامان ئالىپ بۇقا شەخسەن ئۆزى مەيدانغا چۈشتى. ئاتاماننىڭ بىۋاستە مەيدانغا چۈشۈشى ئەتراپتا ئويۇن كۆرۈپ تۇرغان تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئەتراپقا مەنسىتمەسلىك بىلەن بىرقۇر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، ئۈستىدىكى ئاق كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ سېمىزلىكىدىن بوغۇم - بوغۇم بولۇپ تۈرۈلگەن يوغان قورساقلىرى بېلىدىكى كەڭ تاسما كەمىرىدىن ھالقىپ تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇراتتى. مەيدىسىدىكى قىزغۇچ تۈكلىرى، گۆشلىرى بۆرتۈپ چىققان چوڭ بىلەكلىرى، دۈمبىسى بىلەن پۈتۈن دېگۈدەك تۇتۇشۇپ كەتكەن قارامتۇل بويۇنلىرى ئۇنىڭ ئېيىقتەك كۈچتۈڭگۈر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئالىپ بۇقا يوغان قوللىرى بىلەن بېلىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئاق چېدىر ئىچىدە مەيدانغا سۈكۈت ئىچىدە

قاراپ ئولتۇرغان ئايقۇت مەلىكىگە قاراپ سىرلىق ھېجىيىپ قويىدى ـ دە، ئۈنلۈك تووۋلىدى:

— كىرورەنلىك يىگىتلەر، لوپنۇر كۆلىنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ئەركەكلەر، قېنى، پېقىر بىلەن كۈچ سىنىشىدىغانلار مەيدانغا مەرھەمەت!

مەيداندىن سادا چىقمىدى.

ئالىپ بۇقا قايتا ـ قايتا ئۈچ قېتىم تووۋلىغان ئىدى، مەيداندىكى يىگىتلەر يەنىلا بىر ـ بىرىگە ئۈنسىز قارىشىپ جىم تۇرۇشتى. ھېچكىممۇ مەيدانغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

تېخىمۇ گىدىيىشكە باشلىغان ئاتامان مەغرۇر بىر قىياپەتتە بىلەكلىرىنى ئالماپ، كىشىلەر توپىغا يەنە بىر قېتىم قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا ھېچكىمگە پەرۋا قىلماستىن جىممىدە قاراپ تۇرغان بارۇمتاي يىگىتكە قادالدى. ئاتامان گۆشلۈك يۈزلىرىگە مەسخىرىلىك كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن سۆزلىدى:

— ئەي، توخرى ئېلىنىڭ شاھزادىسى! ئادەتتە بارۇمتايلىقتا تۇرۇۋاتقانلارنى 72 خىل ھۈنەرگە پىركامىل دېيىشىدۇ. قېنى، كىرورەنلىك ئەركەكلەرگە كارامىتىڭنى بىر كۆرسەتمەمسەن!؟

— يوقسۇ، ئاتامان، — دېدى چاد تېگىن ئاۋۋالقىدەكلا تەمكىنلىك بىلەن، — مەن مۇبارەك ئېلىڭلاردا تۇرۇۋاتقان ئاددىي بىر توخرىلىقمەن، ئالدىڭلاردا كۆرسەتكۈدەك قانچىلىك كارامىتىم بولسۇن؟

— مەن توخرىلىقلارنى چېلىشىشقا ماھىر كېلىدۇ دەپ ئاڭلىغان، — دېدى ئالىپ بۇقا بارۇمتاي يىگىتكە يېقىن كېلىپ، — شۇنداقكەن، شاھزادىنىڭ بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋېتىشى مۇمكىنمۇ؟

— سورۇن يەنىلا جانابىي ئاتاماندىن ئايلانسۇن، كىرورەنىڭ باتۇر يىگىتلىرى تۇرغان يەردە پېقىرنىڭ مەيدانغا چۈشۈشكە نېمە ھەددى!؟

— ھەقىقىي ئەركەك ھەرگىزمۇ سولھى ـ سالا قىلىپ ئولتۇرمايدۇ،



توخرىلارنىڭ نامى ئۇلۇغ خەلق بولسىمۇ، لېكىن سۈپىرىسىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ئويلىماپتىكەنمەن! — ئالىپ بۇقا مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى.

چاد تېگىننىڭ چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ قالدى. بىر خىل ئاچچىق ئېقىن ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ تومۇر ـ تومۇرلىرىدا غۇيۇلداپ ئاقتى. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئالىپ بۇقىغا لەپپىدە بىر قارىدى ـ دە، كۆڭلەكلىرىنىڭ يېڭىنى تۈرۈپ مەيدانغا چۈشتى.

ئاق چېدىر ئىچىدە ئايقۇت مەلىكىنى ئوراپ ئولتۇرغان كېنىزەكلەر بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، ئۆزئارا پىچىرلىشىشقا باشلىدى. ئەتراپقا ئىپادىسىز بىر ھالەتتە قاراپ ئولتۇرغان مەلىكە بىر سىرلىق ھاياجاننىڭ ۋۇجۇدىغا يامراۋاتقانلىقىنى، نەپەسلىرىگە تىترەك ئولىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ... ئەجەب ئىش، ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟ ئۇ گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك، شۇنچىلىك تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بارغانسېرى ۋەھىمە ۋە قورقۇنچقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل سىرلىق تۇيغۇنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ قېلىۋاتاتتى ... بارۇمتاي يىگىت يېڭىلەرمۇ؟ دېگەن قورقۇنچلۇق گۇمان ئۇنىڭ كاللىسىدا بىخ سۈرۈپ، ئېغىرراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

نەم قۇمغا ئىككى ئۇزۇن كۆلەڭگە چۈشتى، ئىككى جۈپ كۆز بىر ـ بىرىگە سىرلىق تەرىزدە تىكىلدى. ئۇلار خۇددى بىر ـ بىرىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىش ئالدىدا نەرە تارتىپ تۇرۇۋاتقان ئارسلانلاردەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. مەلىكە ئايقۇت چېدىر ئىچىدە ئولتۇرۇپمۇ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. ئۇنىڭغا جاھان بارغانسېرى ئىسسىپ، ئەتراپ ئوت تەپتى ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ ھاياتىدا مۇشۇ دەقىقىلەردىكىدەك سىرلىق ھاياجانغا ۋە ئىپادىلەش قىيىن بولغان مۇرەككەپ تۇيغۇلارغا ئەسىر بولۇپ باقمىغان ئىدى. مەلىكە كەچكى قۇياشنىڭ چاد تېگىننىڭ كەڭرى پېشانىسىدە يالتىراۋاتقانلىقىغا، كەڭرى يەلكىلىرىنىڭ سەل ـ پەل ئالدىغا ئېگىلىپ، يوغان كۆزلىرىنىڭ

بىر نۇقتىغا تىكىلگەنلىكىگە، ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتلىرىنىڭ ئاق پېشماق چىرايىغا بىر خىل غەيرەت - شىجائەت بېغىشلاۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى، مەلىكىنىڭ سىنچى كۆزلىرى ھەتتا يىگىتنىڭ بۇرتۇپ چىققان بىلەكلىرىدىكى كۆكۈش تومۇرلىرىنىمۇ كۆرۈپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. مەلىكە ئەنە ئاشۇ سىرلىق مىنۇتلاردا ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم رەسىدە بولغان قىزلارغا خاس يوشۇرۇن كۆزلىرى بىلەن بىر ئەركەكنىڭ ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ۋۇجۇدىغا سىنچىلاپ نەزەر تاشلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئىككىيلەن تۇتۇشۇپ كەتتى، قۇمساڭ مەيداندىن ئەتراپقا قۇم دانىچىلىرى سىپىلەتتى، كىشىلەر توپىنىڭ قى-قاس - چۇقانلىرى كۆل بويىنى لەرزىگە سالدى. كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئىككىيلەن جان - جەھلى بىلەن كۈچ سىناشماقتا ئىدى. بىرھازادىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئالىپ بۇقا بىر كۈچەپ، بىر يانپاش بىلەنلا چاد تېگىننى پىرقىرىتىپ تاشلىدى، ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەيلا قۇمغا ئوڭدىسىچە ئۇچۇپ چۈشتى. چېلىشىش مەيدانىغا تەشۇيش ئىچىدە قاراپ ئولتۇرغان مەلىكە ئايقۇت ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا «ۋاي!» دېگىنىچە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى، مەيداندىكى تاماشىبىنلار ئالىپ بۇقىغا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياغدۇراتتى:

— قۇدرىتىڭگە بارىكاللا، ئالىپ ئاتامان!

— كۆك تەڭرىنىڭ ئوغلانى، كرورەنىنىڭ ئارسلانى!

چاد تېگىن نەم قۇمدا زوڭزايغىنىچە ئولتۇراتتى، ئىختىيارسىز بې-شىنى كۆتۈرۈپ، ئاق چېدىر ئىچىدە ئۆزىگە تەشۇيش بىلەن تىكىلىپ تۇرغان مەلىكىنىڭ كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ زادى ئۇنىڭ ئوڭمىدۇ ياكى چۈشىمىدۇ؟ بارۇمتاي بۇنى تەپسىلىي ئويلاپ بېقىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. ئۇ بىر خىل خورلۇق، ئازاب ۋە تەئەججۈپ ئىلكىدە بىر ئىرغىپلا ئورنىدىن دەس تۇردى. ئالىپ بۇقا كۆرەڭلىك بىلەن قوللىرىنى ئالماپ، ئورنىدىن مىت قىلماستىن قاراپ تۇراتتى.



كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىككىنچى مەيدان چې-لىشىش باشلاندى. نەم قۇمدا ئىككى جۈپ مەزمۇت پۇت گاھ ئۆزئارا كىرىشىپ قالاتتى، گاھ قۇمغا پېتىپ قالاتتى، ئۇلار گويا ھۆر كىرىشىپ خىرىس قىلىشىۋاتقان بىر جۈپ ئارسلانلاردەك بىر - بىرىگە مۈرىلىرىنى تىرىشىپ ھەدەپ كۈچىشەتتى، مەيداندىكى تاماشىبىنلار بىردەك ئاۋازدا چېلىشچى ئەزىمەتلەرگە قوشاق قېتىپ ئىلھام بەردى:

لوپنۇر سۈيى ئۇلۇغ سۇ
كرورەننى ياشناتقان.
ئالىپ بۇقا — كۆك بۆرە
نامى ئەلگە تارالغان.

توخرى ئېتى كىشنەكلىك.
دۇمبىسىدە بارۇمتاي.
ئارسلان كەبى كۈچتۈڭگۈر،
كۈن نۇرىدەك ئۈز چىراي.
كرورەنلىك ئەركەكلەر،
لوپنۇر سۈيى ئىچكەنلەر!
...

قۇياش ئاستا - ئاستا پاتتى. چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرغان رەڭدار ئۇپۇق ئۆزىنىڭ قىزغۇچ شولىلىرى بىلەن لوپنۇر بويىغا گۈگۈم چۈمبىلى ياپتى. ۋۇجۇدى قىزىغان چاد تېگىن ئاجايىپ بىر يوشۇرۇن شىجائەتنىڭ ئۇرتىكىسىدە غايەت زور دىۋىدەك تىرەجەپ تۇرغان ئالىپ بۇقىنى كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن ئالىپ بۇقا، گويا ئۆزىنىڭ يەرگە يىقىلغىنىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك، يوغان قوللىرى بىلەن نەم قۇمنى ئەسەبىيلەرچە سى-قىمدىدى. مەيداندىكى كىشىلەر توپى يەرگە كومزەكتەك چۈشكەن ئالىپ

بۇقىغا بىر دەقىقە ھەيرانلىق ئىلكىدە، سۈكۈت بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا چاد تېگىنىگە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراتتى... باياتىن قاتتىقراق نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان مەلىكە ئايقۇت گويا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇ چاد تېگىنىنىڭ كەچكى شەپەق نۇرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىش سادالىرى ئالدىدا خىجىللىق ھېس قىلغانلىقىدىنمۇ، ئاق پىشماق يۈزلىرىنىڭ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. مەلىكە سىرلىق ھاياجان ئىلكىدە جۇلالىنىپ تۇرغان كۆل تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇنىڭ رەسىدە بولغان قىزلارغا خاس يوشۇرۇن سەزگۈلىرى دەل ئاشۇ دەقىقىدە غەلىبە شادلىقىغا چۆمۈلگەن توخرى شاھزادىسىنىڭمۇ ئۆزىگە ئىختىيارسىز قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ بولغان ئىدى.

### 3

كۆلنىڭ ئۇ قېتىدىن كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاينىڭ ئاپئاق نۇرىدا بىر مەھەللىك گۈگۈمنىڭ ئۆلۈك قاراڭغۇلۇقى ئىز - تىزسىز غايىب بولدى. ئەينەكتەك تىنچ كۆل يۈزى، ئۇزاقلارغا سوزۇلغان قومۇشلۇق ساھىل، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا پايانسىز كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇملۇقلار ئاي شولىسىدا سۈت رەڭگە كىرىپ تىنىمسىز يالتىراشقا باشلىدى.

ئۇچى ئۈچلۈق قىلىپ ياسالغان سانجاق - سانجاق قېيىقلار سۇغا سېلىنىپ تەييار قىلىندى. ئاي پارلاپ تۇرغان بۇ گۈزەل كېچىدە كىرورەنلىكلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى — ئاي شولىسىدا لوپنۇر كۆلىدە قېيىق بىلەن سەيلە قىلىش مۇراسىمى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. كىرورەنلىكلەر ھەر يىلى تومۇز ئېيىنىڭ ئاي تولغان ئون بەشىنچى كۈنى، دۆلەت بايرىمىنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە، مۇشۇ پائالىيەتنى ئېلىپ باراتتى. پۈتكۈل دۆلەت بايرىمى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشاتتى.



كۆل بويىدا ئۇلۇغ گۈلخان يېقىلىپ، قېيىقلارغا چۈشۈشكە بەلگە بېرىلدى. توپ - توپ قىز - يىگىتلەر ئالاھىدە ياسالغان قېيىقلارغا بىر - بىرلەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ھەربىر قېيىقنى مەخسۇس تەيىنلەنگەن ماھىر قېيىقچىلار باشقۇراتتى. مەلىكە ئايقۇت ئۈزچېچەك باشلىق ئۈچ كېنىزىكى بىلەن كۆك رەڭدە سىرلىنىپ، ئالاھىدە بېزەلگەن خاس قېيىققا چۈشتى. مەلىكە تىنىمسىز تەۋرىنىپ تۇرغان قېيىق ئۈستىدە ئېھتىيات بىلەن ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىدىن 200 مېتىردەك نېرىدا، ئۆزى يالغۇز بىر قېيىققا چۈشكەن چاد تېگىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە يوشۇرۇن نەزەر سالدى. بارۇمتاي يىگىت بىمالال ھالدا، قېيىقچىمۇ ئىشلەتمەستىن، ئۆزى پالاق ئۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇ، گاھىدا كۆلنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ - قاراپ قوياتتى، گاھىدا نېمىنىدۇر خىيال قىلغاندەك پالاق ئۇرۇشنى توختىتىپ جىمغىنە ئولتۇرۇپ قالاتتى... مەلىكە بىرھازا ئاڭسىز رەۋىشتە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قېيىقچىغا پالاق ئۇرۇش ئىشارىسى قىلدى. ئاي نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان جىمجىت كۆل يۈزىدە سانسىزلىغان قېيىقلار يېنىك دولقۇن ھاسىل قىلىپ ئاستا - ئاستا ئۈزۈشكە باشلىدى. پالاقنىڭ كۆل يۈزىگە بىردەك ئۇرۇلۇشى كېچە سۈكۈناتىنى بۇزۇپ، رىتىملىق ئاۋاز ھاسىل قىلاتتى.

قىرغاقتا — گۈلخانلار ئەتراپىدا قېيىقالىغان كىشىلەر تويۇپ شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ تاماشا كۆرمەكتە ئىدى. ئالىپ، بۇقا قېيىققا چۈشمىدى. ئۇ گويا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، گاھىدا ئەلەم بىلەن كۆلدىكى سانجاق - سانجاق كېمىلەرگە قاراپ قوياتتى. گاھىدا ئاغزىنى بۇزغىنىچە ئاللىكىملەرنىدۇر تىللاپ، ئۇياق - بۇياقلارغا مەقسەتسىزلا ماڭاتتى. بۇ كۆرەك ئاتامان بۈگۈنكى سەتچىلىكتىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالغان ئىدى.

قېيىقلار بارغانسېرى لوپنۇر كۆلىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ساھىلدىكى ئاسمان - پەلەك كۆيۈۋاتقان

گۈلخانلارمۇ كىچىككىنە يورۇق توچكىلارغا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ تىنچ كۆل يۈزىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاخىرقى قىزغۇچ شولىلىرىمۇ ئۆچتى. كۆل يۈزىدە پەقەت ئاي نۇرىنىڭ ۋالىلداپ چاقنىغان ئاقۇش نۇرلىرىلا كۆرۈنەتتى.

لوپنۇر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى مەلىكە ئايقۇتنى تاتلىق خىياللار قاينىمىغا ئەسىر قىلدى. ئۇ، ئاي پارلاپ تۇرغان مۇشۇ گۈزەل كېچىدە قىزلىق ۋۇجۇدىدا يېڭىدىن ـ يېڭى ھېس ـ ھاياجانىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى، ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان سىرلىق سەزگۈنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ لەختە ـ لەختە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. قىزىق، ئۇ كېچىكىدە قانچە ـ قانچە قېتىم دۇئا مۇراسىمىنى كۆرگەن، قانچە ـ قانچە قېتىم لوپنۇر كۆلىدە ئاي سەيلىسى قىلغان ... بىراق ئاشۇ مەنزىرىلەر نەگە كەتتى؟ نېمىشقا ئاشۇ چاغلاردىكى مەنزىرىلەر ئۇنىڭدا بۈگۈنكى كېچىدىكىدەك تەسىرات قالدۇرالمىغاندۇ؟ يەنە نېمىشقا ئۇ ئاشۇ چاغلاردا بۈگۈنكى كېچىدىكىدەك سىرلىق ھاياجانغا چۆمۈلمىگەندۇ!؟ ...

ھەممە نەرسە ــ سەبىي بالىلىق خاتىرىلەر، سوئال ۋە ھەيرانلىققا تولغان ساددا دەقىقىلەر گويا بىر مەيدان تاتلىق چۈشتەك ئىز ـ تىزسىز غايىب بولدى، ھازىر بالىلىقى ھەققىدە پەقەت گويا تۇمانغا ئورالغان، ئەمما ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان سىرلىق ئارالدەك بىر غۇۋا مەنزىرىنىلا ئەسلىيەلەيدۇ، خالاس.

ئەپسۇس، ھازىرچۇ؟ نېمىشقا بالىلىقىدىكى سوئالغا جاۋاب تېپىپ بولمايلا ھاياتقا يەنە يېڭىدىن ـ يېڭى سوئاللار قوشۇلىدۇ؟ ئۇ تۇرۇپلا قەلبىدە ئاجايىپ بىر سىرلىق ئۆسمە كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ بېرىۋاتقاندەك، مۇشۇ ئۆسمە ئۇنىڭ قەلب تارلىرىنى تىنىمسىز غىدىقلاۋاتقاندەك، ھامىنى بىر كۈنى ۋۇجۇدىنى ئاشۇ نەرسە تېشىپ چىقىدىغاندەك ھېس قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، توغرا، ئاي نۇرى، تىنىق سۇ، زەڭگەر ئاسمان، رەڭدار ئۇپۇق، بوزارغان دالا، يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەر ... بۇلار ئۆز گۈزەللىكى، تەبىئىي كۆرۈنۈشى



بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭدا نېمە مەنە، نېمە مەزمۇن بار؟ ھەتتا ئۇ ئىلگىرى ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن ساناقسىز قۇم بارخانلىرى، ئات تۇياقلىرىدىن تىنىمسىز چاچراپ تۇرىدىغان ئۇششاق لايلار، قومۇشلارنىڭ يېنىك شامالدا لەرزان ئىرغاڭلىشى، سۇ يۈزىدىن كىشىنى سەگىتكۈدەك نەم سوغۇق ئېقىمنىڭ ئۇرۇلۇشى ... قاتارلىق ئادەتتىكى مەنزىرىلەرنىڭمۇ قەلبىدىكى ھېلىقى سىرلىق ئۆسمىنى غىدىقلاپ ئويىنىتىۋاتقانلىقىنى ئىختىيارسىز ھېس قىلىپ قالدى.

ئېھتىمال، ئادەملەردە، بولۇپمۇ قىزلاردا مۇشۇنداق سىرلىق بىر مەزگىل بولىدىغاندۇ، ھەممە قىزلار مۇشۇنداق بىر گۈزەل دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاندىن پىشىپ يېتىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدىغاندۇ ... ئېھ، نامى ئۇلۇغ كۆك تەڭرى، مۇقەددەس يەر ـ سۇ! ھايات نېمانچە سىرلىق، خىياللار نېمانچە چەكسىز! ئۇ زادى نېمە بولغاندۇ؟!

مەلىكە ئايقۇت باش ـ ئايغى يوق خىياللار قاينىمىغا غەرق بولدى. قېيىقلارنىڭ ئۇچلىرى بەزى ـ بەزىدە قومۇش شاخلىرىغا تېگىپ شاراقشىپ ئاۋاز چىقاتتى. گاھىدا كۆل يۈزىدىن ئالىلىنىملەرنىڭدۇر چولتوكلىغان ئاۋازى كېلەتتى.

دەل مۇشۇ ئاي كۆلگەن گۈزەل كېچىدە شىمالدىكى قۇرۇق تاغ ئۈستىدە تۇيۇقسىزلا قارا تۇمان پەيدا بولۇپ قالدى ۋە ئاستا ـ ئاستا تەكلىماكان ئۈستىگە سۈرۈلۈشكە باشلىدى. لوپنۇر كۆلىدىكى ئاي سەيلىسىنىڭ سېھىرلىك شادلىقىغا چۆمۈلگەن قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسى تەبىئەتتىكى بۇ تاسادىپىي ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلمىدى.

قېيىقلار توپى ئاللىقاچان لەڭگەر تاشلايدىغان قۇملۇق قىرغاقنى يىراقتا قالدۇرۇپ، كۆل ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئىچكىرىسىگە ماڭغانسېرى كۆل يۈزىمۇ تەدرىجىي كېڭىيىپ ساھىل كۆرۈنمەي قالدى. پەقەت ناھايىتى يىراقلاردا كۆل يۈزىدىن يېرىم چىقىپ تۇرغان توپ ـ توپ قومۇشلارنىڭ سارغۇچ ئۇچلىرىلا كۆرۈنەتتى. ۋالىلداپ تۇرغان كۆل يۈزىدىن كۆز ئۈزمەي كېتىپ بارغان مەلىكە ئايقۇت گويا

باشقا بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ، ئەمدى قۇمساق ساھىلغا قايتىپ بېرىش مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغاندەك بىر خىل غەيرىي نورمال تۇيغۇدا تەنلىرىگە سۇس تىترەك ئولىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . كۆز يەتكۈسىز لوپنۇر كۆلىنىڭ بىر ئۇچى ئاسمان گۈمبىزى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەكلا كۆرۈنەتتى . كۆل يۈزىدە چاقناپ تۇرغان ئاي شولىسىدىن باشقا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى .

مەلىكە ئايقۇت ئىختىيارسىزلا ئۆز قەلبىنىڭمۇ گويا بارغانسېرى كېڭىيىپ ئۇپۇققىچە سوزۇلۇپ كەتكەن لوپنۇر كۆلىدەك ھەم سىرلىق ، ھەم چەكسىز بىر غايىۋى بوشلۇققا ئىگە بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ قالدى . ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قىزلىق ۋۇجۇدى ئۆز ئىلكىدە ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ غايىۋى بوشلۇق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى . توۋا ، ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن ، سىرلىق تەبىئەت تەرىپىدىن مەھلىيا قىلىنىۋاتقان ، ئۆزىگىمۇ نامەلۇم ئاجايىپ غوۋا ، ئاجايىپ پىنھان بىر مەنزىرىگە تەلپۈنۈۋاتقان گۈزەل قىزنىڭ ۋۇجۇدىغا نېمىلەر يوشۇرۇنغان بولغىيدى !؟ ئېھتىمال ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پىنھان نەرسە — لوپنۇر كۆلىنىڭ يالتىرىشىغىمۇ ، قۇم بارخانلىرىنىڭ جىمىرلىشىغىمۇ ، قومۇش - يېكەن توزغاقلىرىنىڭ تىنىمسىز توزۇشىشىغىمۇ ۋە تەكلىماكان چۆلىنىڭ سېھىرلىك كېچىلىرىگىمۇ ئوخشىمايدىغاندۇ ... ئۇنى ھېچقانداق نەرسە بىلەن سۈپەتلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەستۇ بەلكىم ... ئۇنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان ھېس - ھاياجىنى ۋە قىزلىق سەزگۈسى تۇنجى قېتىم سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس روھىي باغلىنىشنى ھېس قىلدى . يەنە كېلىپ ئۇ ، بۇ خىل روھىي باغلىنىشنى ئانا لوپنۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزۈپ كېتىۋېتىپ ھېس قىلدى !

تۇيۇقسىز قېيىقتىكى كېنىزەكلەر چۇرقىرىشىپ تۇۋلىشىپ كەتتى ، ئاندىن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ كۈلۈشتى . مەلىكە قاتتىق چۆچۈپ خىيالدىن سەگىدى :

— نېمىگە كۈلۈۋاتىسىلەر ، قىزلار ؟



— قاراڭ ، مەلىكەم ، ئۇ كىم !؟ — ئۆزچېچەك مەلىكىنى يېنىك نوقۇدى ، — ئۆزى يالغۇزكەن ! ...

— چاد تېگلىن !

مەلىكە ئىختىيارسىزلا پىچىرلىدى ، ئۆزچېچەكنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى مەلىكىنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر يوشۇرۇن ئىپادىنىمۇ ئىلغا قىلىپ تۇراتتى .

— شۇنداق ، مەلىكەم ، بۈگۈنكى چېلىشتا ئالىپ بۇقىنى مات قىلغان بارۇمتاي يىگىت دەل شۇ ! ... — كېنىزەكلەر شۇنداق دېگىنىچە زوق - شوق بىلەن شۇ ياققا قاراشتى .

— ئۇ نېمىشقا ئۆزى يالغۇزلا بىر قېيىققا چىقىۋالغاندۇ ؟

— كىم بىلىدۇ ، بەلكىم باشقىلار بىلمەيدىغان دەرد - ھەسرىتى بار بولغىيدى ياكى سۇمبۇل چاچلىق بىرەر گۈزەلگە ئاشىق بولغاندۇ . يىگىتلەر مۇھەببەت تورىغا ئىلىنىپ قالسا دائىم يالغۇز يۈرەرمىش ... ئۇنىڭ پالاق ئۇرۇشقا ئۇستىلىقىنى دېمەمسىلەر تېخى !

كېنىزەكلەر بەس - بەستە ئالاشقىلى تۇردى . مەلىكە گويا بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ، يۈزلىرىنىڭ قۇلاق - بويۇنلىرىغىچە ئوت بولۇپ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى . باشقا قېيىقلار ئۇلاردىن خېلىلا ئارقىدا قالغان ئىدى . بارۇمتاي يىگىت 200 مېتىردەك يىراقلىقتا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن ، بىر خىلدا پالاق ئۇرۇپ كېتىپ باراتتى . ئۇ نېمىشقا ھېچكىمگە قوشۇلمايدىغاندۇ ؟ نېمىشقا دائىم ئۆزى تەنھا يۈرىدۇ ياكى ئۇ راستتىنلا بىرەر قىزغا ئاشىقمىدۇ ؟ ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقىچۇ ، تېخى ! مەلىكە بىردىنلا قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى ... ئۇ ئەزەلدىن بىراۋنىڭ ئالدىدا بۇنداق پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغىنىنى ئەسلىيەلمەيتتى . ئۇ ئاچچىقى بىلەن لەۋلىرىنى ھىمىرىپ - ھىمىرىپ چىشلىدى ، كۆزلىرى ئېچىشىپ ، قىياقتەك كىرپىكلىرىگە ياش تامچىلىرى قوندى . ئۇ زادى نېمە بولدى ؟ مەلىكە باشلىرىنى يېنىك سىلكىۋەتتى - دە ، بىردىنلا ئاچچىقىدىن يېنىپ ئۆز - ئۆزىگە كايىپ كەتتى . مەن نېمانداق ئەخمەق ،

بارۇمتاي يىگىت بىلەن بىرمر ئېغىز گەپلىشىپ باقمىسام، ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىشقا نېمە ھەددىم !؟ ئۇ دېگەن تامامەن ئەركىن يىگىت تۇرسا ...

— قېيىقنى ئاشۇ تەرەپكە ھەيدەڭلار، ئۇنىڭغا يېتىشىۋالايلى ! — دېدى مەلىكە ئىختىيارسىزلا.

قېيىقنىڭ سۈرئىتى تېزلەشتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى نىشان بىلەن بولغان ئارىلىقى بارغانسېرى قىسقىرىپ بارماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا تەكلىماكان ئۈستىگە سۈرۈلۈپ كەلگەن قارا تۇمان گويا پۈتكۈل ئالەمنى ھازىرلا يالماپ كېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن لوپنۇر كۆلى تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. لوپنۇر كۆلىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە مەھلىيا بولغان كىرورەنلىك قىز - يىگىتلەر تەكلىماكان بورىنىنىڭ دەھشىتىنى كېچىكىدىن تارتىپ بىلىسمۇ، لېكىن مۇقەددەس تەگرى تۇرۇۋاتقان لوپنۇر كۆلىدە ھېچقانداق خەتەرلىك ھادىسىلەرنىڭ چىقمايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا تولۇن ئاي ئەتراپىدا سۇس چەمبەر ھاسىل بولۇپ، ئاي نۇرى خىرەلىشىشكە باشلىدى. قېيىقتىكى مەلىكە ۋە كېنىزەكلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان بۇ تەسادىپىي ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلمىدى. ئۇلار ئالدىدىكى بارۇمتاي يىگىتنىڭ قېيىقىغا يېتىشىۋېلىشقا 20 قەدەمچە قالغاندا كۆل يۈزى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ، ھەش - پەش دېگۈچىلا تاراملاپ تۇرغان ئاي نۇرى ئۆچتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىۋاتقان بۇ دەھشەتلىك ئۆزگىرىشنى سېزىپ ئۈلگۈرگەن چاد تېگىن ئۆزىگە يېقىنلا جايغا كېلىپ قالغان مەلىكىنىڭ قېيىقىنى كۆرۈپ قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتتى - دە، بار كۈچى بىلەن توۋلىدى:

— مەلىكە، قارا بوران ... قېيىقنى تېزدىن قىرغاققا قايتۇرۇڭلار ! تېز !

چاد تېگىننىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ۋىژىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆل يۈزى شىددەت بىلەن چايقىلىشقا باشلىدى. قۇم ئارىلاش دەھشەتلىك قارا بوران دەقىقە ئارىلىقىدا لوپنۇر كۆلىنى بىر ئالدى،



ئەتراپىتىكى ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى، پەقەت بوراننىڭ دەھشەت بىلەن ھۇۋلىشى، سۇ دولقۇنىنىڭ كۈچلۈك شاۋقۇنى، قىز - ئاياللارنىڭ قىيا - چىيا سېلىپ يىغلاشلىرى ۋە قومۇشلارنىڭ پاراسلاپ سۇنغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن مەلىكە ئايقۇت نېمە ھادىسە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن كېنىزەكلەرنى قۇچاقلىغان پېتى قېيىققا يېتىۋالدى. ئۇ پەقەت ئۆزىچىچەكىنىڭ: « مېنى مەھكەم تۇتۇۋېلىڭ، مەلىكەم، قورقماڭ، بىزنى كۆك تەگرى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ! » دېگەن سۆزلىرىنىلا ئاڭلىيالىدى. قېيىق كۈچلۈك دولقۇننىڭ زەربىسىدىن گاھ يۇقىرىغا ئۆرلەپ، گاھ تۆۋەنگە چۈشۈپ، شىددەت بىلەن چايقىلاتتى. چاد تېگىن بار كۈچى بىلەن پالاق ئۇرۇپ مەلىكىنىڭ قېيىقىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. لېكىن، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بوران دەستىدىن ئالغا مېڭىش تولىمۇ قىيىنلاشتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئوي - پىكىر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شىددەتلىك سۇ دولقۇنىنىڭ بۇ گۈزەل كىرورەن مەلىكىسىنى يۇتۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھامان ئۇنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ، بىلەكلىرىگە چەكسىز كۈچ - قۇدرەت يىغىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل جىسمى سۇ چاچراندىلىرى ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتتى. قېيىقنىڭ ئاستىغا گويا تاش باغلاپ قويغاندەك بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەنە، بەش غۇلاچ ئارىلىق قالدى ! ئۇ مەلىكىنىڭ كېمىسىگە كۆمتۈرۈلۈپ كېتەرمۇ، دېگەن قورقۇنچلۇق خىيالنى غىل - پال كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى - دە، تېخىمۇ زور شىجائەت بىلەن ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. تۆت غۇلاچ ... ئۈچ غۇلاچ ... چاد تېگىن ئاشۇ قىسقا دەقىقە ئارىلىقىدا شىددەتلىك بىر دولقۇننىڭ ھەر ئىككى قېيىقنى ئاسمان - پەلەك كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردى، ئۇنىڭ يۈرىكى « قارت » قىلىپ قالدى، قۇلىقىغا بىر قىزنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەلىكە قېيىقتىن ئاڭقىپ چىقىپ، سۇ دولقۇنلىرى ئارىسىغا غەرق بولغان ئىدى.

چاد تېگىن ئاشۇ ھەل قىلغۇچ دەقىقىدە گويا بىر ئۇچقۇر بېلىقتەك ئۆزىنى مەلىكە تەرەپكە تاشلىدى. ئۇ شۇنچىلىك قىسقا ئارىلىقتا مەلىكىنىڭ نازۇك قوللىرىدىن تۇتۇپ ئۈلگۈرگەن ئىدى، دولقۇننىڭ شىددەتلىك زەربىسى باشقا كېنىزەكلەرنىمۇ، ئىككى قېيىقنىمۇ يۇتۇپ كەتتى، كۆزنى ئېچىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى! چاد تېگىن مەلىكىنىڭ بىلەكلىرىنى ئامبۇردەك قاماللاپ تۇتۇپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— قورقماڭ، مەلىكە، مېنى چىڭ تۇتۇڭ، مەن بارۇمتاي، مەن چاد تېگىن!... بىز چوقۇم قۇتۇلۇپ كېتىمىز.

شىددەتلىك دولقۇن ئۇلارنى كۆمۈپ تاشلىدى. مەلىكە گويا قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك گاھ بۇلقۇناتتى، گاھ ئىڭرايتتى، قۇلىقىغا ۋىڭىلداشقان ئاۋاز ۋە شاۋقۇندىن باشقا ھېچ نەرسە ئاڭلانمايتتى، قويۇق چاچلىرى يۈز ۋە مۈرىلىرىگە چاپلىشىپ، نەپەس ئالغۇدەك ماغدۇرى قالمايۋاتاتتى. چاد تېگىن دولقۇننىڭ يۆنىلىشىنى بويلاپ، مەلىكىنى سۆرىگەن پېتى ئۈزۈپ ماڭدى، ئۇ ئاستا - ئاستا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا باشلىغان ئىدى... بالىلىقىدا توخرىلار كۆچۈپ يۈرۈپ ياشىغان دالىلاردىكى دەريا - ئېقىنلاردا چۆمۈلۈپ چوڭ بولغان بۇ توخرى شاھزادىسى سۇ ئۈزۈشكە خېلىلا ماھىر ئىدى. ئۇ ھەتتا شامال ئۇرغان چاغدىكى سۇ دولقۇنىنىڭ يۆنىلىشىنىمۇ ئوبدانلا بايقىۋالالايتتى.

چاد تېگىن شىددەت بىلەن ئۆركەشلەۋاتقان سۇ دولقۇنىنىڭ ئۆزلىرىنى قايسى تەرەپكە ھەم قانچىلىك يىراققا ئېقىتىپ بارغانلىقىنى ئۇقالمىدى. ئۇ گاھىدا مەلىكىنىڭ قوللىرىنى سىلكىپ، تارتىپ سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىقاتتى، بىراق مەلىكە بارغانسىرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

قارشى قىرغاق كۆرۈنىدىغاندەك ئەمەس، ئەتراپ گويا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇلۇققا چۆمگەن، بوران داۋاملىق ھۇۋلاپ، شىددەتلىك سۇ شاۋقۇنى پۈتكۈل جاھاننى بىر ئالغان ئىدى. چاد تېگىن كرورەندە بارۇمتايلىقتا تۇرۇۋاتقان شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇنداق دەھشەتلىك بوراننى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، بۇ ساماۋى بوشلۇقتىكى



تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى — كۆك تەڭرىنىڭ قەھر - غەزىپىمۇ ياكى لوپنۇر كۆلىدىكى يەر - سۇ تەڭرىسىنىڭ كرورەنلىكلەرگە كەلتۈرگەن بالايىئاپىتىمۇ؟ نېمىشقا مۇشۇنداق گۈزەل كېچە، يەنە كېلىپ ئۇلۇغ تەڭرىلەر شەرىپىگە دۇئا مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، تاسادىپىيلا بۇ دەھشەتلىك قىسمەت يۈز بېرىدۇ؟ چاد تېگىن بۇنىڭدىن ئارتۇقراق ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئېھ، ساھىل! ھاياتلىق قىرغىقى... ئۇ زادى نەدە؟ نېمىشقا كۆرۈنمەيدۇ ياكى ئۇلۇغ لوپنۇرنىڭ سۈيى چەكسىزلىككە سوزۇلۇپ، ئالەمنىڭ ئۇ ئۇچى بىلەن تۇتىشىپ كەتتىمۇ؟ ئۇلار پەقەت قارشى قىرغاققا يېتىۋالسىلا ھەممە خەتەر ئۆتۈپ كېتەتتى. بىراق، قارشى قىرغاق مەۋجۇتمۇ - يوق؟ ئۆلۈم — ئۇ، ھاياتلىقنىڭ قارشى قىرغىقى. ئۇلار ئاشۇ قىرغاق، ئاشۇ پاسىل، ئاشۇ چەك - چېگرا ئەتراپىدا جان تالاشماقتا... ئۇلار ھالاكەت تۇمانلىرى ئوراپ تۇرغان ئۆلۈم دېڭىزىدىن ھاياتلىق قىرغىقىغا يېتىپ چىقالارمۇ؟ چاد تېگىن مۇشۇ دەقىقىلەردە پۈتكۈل كرورەننىڭ تەقدىرى گويا مەلىكە ئايقۇتنىڭ ھايات - ماماتىغا باغلىقتەك ھېس قىلىپ كەتتى، ئۇلار ئۆلۈپ كېتەرمۇ، لوپنۇر كۆلىنىڭ دەھشەتلىك قەھرى ئۇلارنى مەڭگۈگە يۇتۇپ كېتەرمۇ؟... ئۆلۈم، ئۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! ئۇ ھەممە نەرسىنى بىراقلا ئېلىپ كېتىدۇ، ھېچنېمىنى قالدۇرمايدۇ. روھنى ئاسمانغا، تەننى تۇپراققا ھەدىيە قىلىۋېتىدۇ. روھنىڭ كۆكتىكى مۇقەددەس تەڭرى بىلەن بىرلىشىشى، تەننىڭ يەر ئانىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىشى... ئۇ ئىنساننىڭ ئىختىيارىي تاللىشى ئەمەس، بەلكى ھاياتلىقنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، شۇنداقكەن، ئادەم ھالاكەت سىرتمىقىغا ئىلىنغان ئاخىرقى دەقىقىلەردىمۇ يەنە نېمىشقا ئۆلۈمنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ؟ بىر ئۆمۈر تەڭرىگە سېغىنىپ تۇرۇپمۇ، تەڭرى ئۆز يېنىغا چاقىرىۋاتقان، روھ پارلاقلىققا ئېرىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئاشۇ دەقىقىلەردە يەنىلا ھاياتلىق قوياشىنىڭ ئاداققى نۇرلىرىغا ئاچكۆز يوسۇندا تەلپۈنۈشنىڭ ئۆزى ئىنساننىڭ توغما ئاسىيلىق تەبىئىتىمۇ؟ چاد تېگىن شۇلارنى ئويلىغىنىدا ۋۇجۇدىدىكى

كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئۆلغىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى ، بىراق ئۇ ، بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتاتتى ...

— ئۈزىگىزنى تاشلىۋەتمەڭ ، مەلىكە ، بىز چوقۇم قىرغاققا چىقىپ كېتىمىز !

چاد تېگىنىنىڭ قۇلىقىغا مەلىكىنىڭ سۇس ئىگرىغان ئاۋازىلا ئاڭلاندى ، مەلىكىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى ، ئۇلار كۈچلۈك دولقۇنىنىڭ زەربىسىدە گاھ يۇقىرىغا ئۆرلەپ ، گاھ تۆۋەنگە چۈشۈپ توختىماستىن كېتىپ باراتتى . كۆل گويا بارغانسېرى كېڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك ، ئۇلار مەڭگۈ قىرغاققا يېتىپ بارالمايدىغاندەك ئاجايىپ بىر ئېغىر تۇيغۇ چاد تېگىننى چۇلغىۋالدى . ئۇ يەنە قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەر ؟ ئۆلۈمنىڭ قورقۇنچلۇق ۋەھىمىسى ھامان ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا توختىماي چۆرگىلەپ ، پۇرسەت تاپسىلا ئۇلارنى ئېلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى . ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك سوئاللار چاد تېگىننى بارغانسېرى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ بېرىۋاتقان ئاشۇ مىنۇتلاردا ئۇ ئىختىيارسىزلا مەلىكە ئايغۇت بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغان ئاشۇ تۇنجى ئاخشامنى ئەسلەپ قالدى . قۇمساڭ يولغا چاقلىرى پېتىپ - پېتىپ كېتىۋاتقان ئالتۇن رەڭ مەپىلەر ، يورغىلاپ كېتىپ بارغان پەرغانە ئارغىماقلىرى ، سۈكۈتكە چۆمگەن ئاي دالا ، پەردىنى قىيا ئېچىپ چەكسىز يىراقلارغا خىيال ئىچىدە قاراپ ئولتۇرغان گۈزەل قىز ... ئېھ ، نېمىدېگەن گۈزەل كۆرۈنۈش - ھە ! بىراق ھەممىسى غايىب بولدى . مانا ھازىر ئاشۇ ئاق ئارغىماققا مىنگەن بەرنا يىگىت بىلەن ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئولتۇرغان گۈزەل قىزنى ئۆلۈم ئەلچىسى چىللاۋاتىدۇ ، دەھشەتلىك دولقۇنلار ئۇلارنى يۇتۇپ كېتەي دەۋاتىدۇ ... كۆل شۇنچىلىك پايانسىز ، بوران شۇنچىلىك دەھشەت ، قىرغاق شۇنچىلىك يىراق ...

ئۇلار قانچىلىك ئاقتى ، ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى ؟ بۇنى بىلىپ بولمايتتى . چاد تېگىننىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ بارغانسېرى كۆپۈككە ئايلىنىپ بېرىۋاتاتتى . شۇنداق ، ئۆلۈم ئۇلارغا قولىنى سوزۇۋاتىدۇ ، ئۇلار



ھايال بولمايلا لوپنۇر قويىنىغا غەرق بولىدۇ ، تەنلىرى بېلىقلارغا يەم بولىدۇ ، بۇ دۇنيادىن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ ...

بىر خىل ئاجايىپ شېرىن ئېقىن چاد تېگىننىڭ ۋۇجۇدىغا يامراپ ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلۇشقا باشلىدى ، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى سەزگۈسىنى يوقىتىپ ، تاشقا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى ... ياق ، مەن ئۆلمەيمەن ، مەلىكە تېخىمۇ ئۆلمەيدۇ ، بىز ياشايمىز ! ... ئۇ باش - قوللىرىنى كۈچەپ سىلكىپ ، ئۆزىنى تارتىپ كېتىۋاتقان ، گويا غەپلەت ئۇيقۇسىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر خىل شېرىن تۇيغۇدىن غالىب كېلىشكە ئۇرۇندى ، بىراق كۆزلىرى بارغانسېرى ئاجايىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىۋاتاتتى .

چاد تېگىن ئۇگى بىلەن چۈشى ئارىلىقىدىكى يېرىم سەزگۈ ئىچىدە تىمىرىشىپ - تىرمىشاتتى . ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بوشىشىپ مەستخۇش بىر ئۇيقۇغا ئېلىنغان پەيتتە ، پۇت - قوللىرىغا تۇيۇقسىز قۇمغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسىنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى سەزدى ، ئۇ چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى ، دولقۇن ئۇلارنى ئېقىتا - ئېقىتا ئاخىر قىرغاققا چىقىرىپ قويغان ئىدى .

— قىرغاق ، قىرغاق !

چاد تېگىن ئۇزاق يىللىق ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك قاتتىق ئىگرىۋەتتى . بىراق ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھارغىن ۋۇجۇدى بىردىنلا كۈچكە تولغاندەك بولدى - دە ، نەم قۇمنى قوللىرى بىلەن تاتىلاپ ، تىلغاپ بىر قولىدا مەلىكىنى سۆرىگىنىچە قىرغاققا قاراپ ئىلگىرىلىدى ، ئۇ گويا شىددەتلىك سۇ دولقۇنى يەنە ئۇلارنى قايتىدىن يالماپ يۇتۇپ كېتىدىغاندەك تەشۋىش ئىچىدە بار كۈچى بىلەن ئۆمىلىدى ، ئەمدىلىكتە تۇرۇم - تۇرۇلۇپ كەلگەن سۇ دولقۇنلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدە قېپقالدى . چاد تېگىن ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ، مەلىكىنى سۇ ئىچىدىن نەم قىرغاققا ئېلىپ چىققاندا ، ئۆزىمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ ، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى - دە ، ھوشىدىن كەتتى .



## 4

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، قارا بوران بارا - بارا بېسىقتى. شىددەت بىلەن دولقۇن ياساپ ئۆركەشلەۋاتقان كۆل سۇيىمۇ تىنجىدى، لوپنۇر ئاسمىنىنى قاپلىغان قارا تۇمان غەربىي جەنۇب تەرەپكە سۈرۈلۈپ، تىنىق ئاسمان قايتا يۈز ئاچتى. بىر مەيدان دەھشەتلىك قارا بوران ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى ...

ئاستا - ئاستا هوشىغا كېلىۋاتقان چاد تېگىن ئوۋا سەزگۈلىرى ئىچىدە، پارلاپ تۇرغان تولۇن ئاينى كۆرگەندەك بولدى. لېكىن، بۇ ئويغىنىمۇ، چۈشىمۇ تازا ئىلغا قىلالمىدى. ئۇلار زادى نەدە؟ تېخىچە هاياتمىدۇ؟ ... شۇ تەرىقىدە ئۇ خېلى ئۇزاق ياتقاندىن كېيىن، هوشىغا كەلدى، تەبىئەت پۈتۈنلەي ئەسلىگە قايتقان ئىدى. ئەتراپ گويا هېچ نەرسە يۈز بەرمىگەندەك، ئاۋۋالقىدەكلا تىمتاسلىققا چۆمگەن ئىدى، چاد تېگىن يېنىدا تېخىچە هوشسىز ياتقان مەلىكىنى ئېھتىيات بىلەن نوقىدى:

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، مەلىكە، بىز قىرغاققا چىقتۇق!

مەلىكە مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭ قويۇق چاچلىرى مۈرىلىرىدە يېيىلىپ تۇراتتى. چاد تېگىن ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىن توختىماستىن سىرغىپ چىقىۋاتقان سۇنى كۆردى - دە، چۆچۈپ كەتتى. چاد تېگىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن مەلىكىنى ئاۋايلاپ دۈم ياتقۇزدى - دە، قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قورساق قىسمىنى يېنىك سىقتى. مەلىكىنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن شۈئان بۇلدۇقلاپ سۇ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن مەلىكە گويا يېنىكلەپ قالغاندەك سۇس ئىڭرىغان بولسىمۇ، لېكىن نەپەس ئالالماي قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى، ماغدۇرسىز بارماقلىرى سۇس مىدىرلايتتى. چاد تېگىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تىت - تىت بولۇپ بىرپەس تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى. تۇيۇقسىز كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلگەندەك چوڭقۇر نەپەس ئالدى - دە، كۆكرەك قەپىسىنى هاۋاغا تولدۇرۇپ،

تۆۋەنگە ئېگىشتى. ئاندىن لەۋلىرىنى مەلىكىنىڭ نېپىز لەۋلىرىگە چىڭ جۈپلەپ، كەينى ـ كەينىدىن پۈۋدەپ، مەلىكىنى نەپەسلەندۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇ بىرقانچە قېتىم كۈچەپ هاۋا پۈۋدىگەندىن كېيىن، بىر خىلدا قېتىپ ياتقان مەلىكە ئاستا مىدىرلاپ، چوڭقۇر بىر تىنىق ئالدى. چاد تېگىن بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. مەلىكىنىڭ نەپەس ئېلىشى ئەسلىگە كەلگەن ئىدى!

قىزنىڭ نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى يېنىكلەپ، نورمال هالەتكە كىرگەن بولسىمۇ تېخىچە كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى ياتاتتى. قىياقتەك ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاي شولىسىدا كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. مۈرىلىرىگە سېلىنىپ تۇرغان چاچلىرى ساهىل بويلاپ يېنىك سوقۇۋاتقان شامالدا تىنىمسىز يەلپۈنەتتى. مەلىكە ئاجايىپ گۈزەل ئىدى! ئاق سۈزۈك مەگزىلىرى، ئېلىپتەك ئېقىپ چۈشكەن بۇرنى، بىلىنەر ـ بىلىنمەس هالەتتە ئېچىلغان نېپىز لەۋلىرى، قاشتېشىدەك ئاپئاق بويۇنلىرى ۋە تولغان بەدەنلىرى كىشىنى تەبىئىي هالدا جەلپ قىلاتتى. چاد تېگىن قەلبىدە مۇهەببەت ئويغانغان ھەر يىگىت بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇنجى قېتىم يېرىم سەزگۈ ئىچىدە جىمغىنا ياتقان مەلىكىنىڭ گۈزەل جامالىنى ئۇزاققىچە تاماشا قىلدى. شۇنداقلا قىزنىڭ هەقىقەتەنمۇ نۇقسانسىز گۈزەل ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى. مۇشۇنداق گۈزەل قىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن بولسا ـ هە!؟ ئۇ بۇنى ئەبەدىي تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئېهتىمال، تەقدىر ئۇلارنى مۇشۇنداق دەهشەتلىك مىنۇتلاردا بىرلەشتۈرۈپ قويغاندۇ، هايات ـ ماماتلىق دەقىقىلىرىنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىنى لەختە ـ لەختە قىلىۋېتىدىغان قاتتىق سىناقلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روهىي دۇنياسىنى بىر ـ بىرىگە باغلىغاندۇ! نېمىلا بولمىسۇن خەتەر ئۆتۈپ كەتتى، ئۇلار هالاكەت سىنىقى ئۈستىدىن غالىب كەلدى. مانا، هاياتلىق ئاۋۋالقىدەكلا داۋاملاشماقتا، تەبىئەت ئۆز گۈزەللىكى بىلەن جىلۋە قىلماقتا. ئاي ئاۋۋالقىدەكلا زېمىنغا يورۇقلۇق سەپمەكتە. گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق مەلىكىنىڭ هوشىغا كېلىشىنى ئاي نۇرىغا چۈمۈلۈپ ئولتۇرۇپ، سۈكۈت



ئىچىدە كۈتۈش مۇهەببەت تورىغا ئىلىنىپ قالغان ئاشىق يىگىت ئۈچۈن قانچىلىك بەختىيار مىنۇتلار ـ هە!

مەلىكە ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى ئاچتى، ئۇ گويا نەچچە يىللىق ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغاندەك، بىرهازا گاراڭلىق ئىچىدە كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ جىمغىنا ياتتى، ئاندىن ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان يىگىتكە قارىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تۇنجى قېتىم روبىرو هالدا بىر ـ بىرىگە ئۇزاققىچە قارىشىپ تۇردى، قىز كۆزلىرىنى ئىختىيارسىز يۇمۇۋالدى ۋە ئېغىزلىرىنى سۇس مىدىرلاتتى، ئەمما ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ هەم يىگىتمۇ ئۇقالمىدى.

— قىمىرلىماڭ، مەلىكەم، تېزلا ئوڭشىلىپ كېتىسىز!

ئەتراپ جىمجىت ئىدى، گاهىدا سۇ دولقۇنى ئۇرۇپ قىرغاققا چىقىرىۋەتكەن بېلىقلارنىڭ تولغىنىپ پىلتىڭلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— مەن نەدە، باشقىلار قېنى؟ — مەلىكىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ سۇس ئىدى.

— بىز ئامان ـ ئېسەن قىرغاققا چىقىۋالدۇق، هەممە نەرسە ئەسلىگە كەلدى، بوران ئاللىقاچان بېسىقتى.

— ئۆزچېچەك نېمىشقا كۆرۈنمەيدۇ؟

چاد تېگىن جاۋاب بەرمىدى ۋە ئەلەم بىلەن كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكتى، ئۇ راستىنلا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئۇقمايتتى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز، بارۇمتاي، ئۇلارغا نېمە بولدى؟ — مەلىكە يەنە بايىقى سوئالىنى تەكرارلىدى.

— ئۇلار ... لوپنۇر سۈيىگە غەرق بولدى!

مەلىكە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئازابلىنىۋاتاتتى، ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى.

ئۇلار ئۇزاققىچە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇردى، پارلاپ تۇرغان ئاي بارا ـ بارا تەكلىماكان قىرغىقىغا ئولتۇرۇشقا باشلىدى، كۆل يۈزىدىن

ئۇرۇلۇۋاتقان مۇزدەك سوغۇق ئېقىن ئادەمنىڭ تېنىنى شۇر كەندۇرەتتى.

— مەن، مەن توڭلاپ كەتتىم.

مەلىكە بىلىنەر - بىلىنمەس ئاۋازدا پىچىرلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقىۋاتاتتى، چاد تېگىن باياتىن سۇيىنى سىقىپ قومۇشلۇققا يېيىپ قويغان كەمزۇلنى ئەكېلىپ مەلىكىگە يېپىندۇرۇپ قويدى. بىراق، مەلىكىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل، ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، ئۇ توختىماستىن تىترەيتتى، چىشلىرى كارسىلدايتتى.

— بىرئاز چىداڭ، مەلىكە، تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرىدۇ.

— سىز توڭلىمايۋاتامسىز، بارۇمتاي؟

— ياق.

— بەكمۇ يىلىڭكەنسىز!

— مەن ئىسسىق - سوغۇققا كۆنۈپ كەتكەن.

چاد تېگىن مەلىكىنىڭ بارغانسېرى لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ھۆل، ئوت يېقىپ ئىسسىنىشقا تېخىمۇ ئامال يوق.

چاد تېگىن ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگىنىچە بىرھازا ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئولتۇردى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆز ۋۇجۇدى ئارقىلىق مەلىكىنى ئىسسىتىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. چاد تېگىن ئىختىيارسىز رەۋىشتە مەلىكە تەرەپكە سۈرۈلدى. مەلىكىمۇ خۇددى شۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەكلا باشلىرىنى يىگىتنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ، تىترەۋاتقان جىسمىنى يىگىتكە چىڭ چاپلىۋالدى. يىگىت يوغان بىلەكلىرى بىلەن مەلىكىنىڭ مۈرىلىرىدىن قۇچاقلاپ ئولتۇردى. مەلىكە راستتىنلا توڭلاپ كەتكەن ئىدى.

ئاي پاتتى. سۇيىمى ئالدىدىكى ئۆلۈك قاراڭغۇلۇق ئەتراپنى قاپلىدى. سوغۇق شامال ساھىل بويلاپ يېنىك سوقماقتا ئىدى. مەلىكىنىڭ قۇرۇشقا باشلىغان يۇمران چاچلىرى شامالدا يېنىك تورۇپ، يىگىتنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە قوناتتى.



ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا بارا - بارا ئىسسىق ئۆتۈشتى، مەلىكىنىڭ تىترىكىمۇ سۇسلاپ قالدى، چاد تېگىن ھېچنىمىنى ئويلىيالمىدى، پەقەت قۇچىقىدا ئاجايىپ پاك بىر پەرىشتە يېنىك تىنىپ ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندەك، ئۆزىمۇ ئاجايىپ بىر روھىي پارلاقلىققا ئېرىشكەندەك ئىللىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلدى. شۇنداق، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى قىز ھەرگىزمۇ قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن ئادىمىي ۋۇجۇد ئەمەس، بەلكى ساماۋى ئەرشتىكى پاك پەرىشتە! ... مۇشۇ مىنۇتلاردا چاد تېگىننىڭ راستتىنلا بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ، مەلىكىنىڭ سۇس ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— بىز گۇناھ ئۆتكۈزدۇقمۇ، بارۇمتاي! ؟ نېمىشقا شۇنداق گۈزەل بىر كېچىدە تۇيۇقسىزلا قارا بوران چىقىپ كېتىدۇ ياكى كرورەتلىكلەر لوپنۇر كۆلىنىڭ، مۇقەددەس يەر - سۇ تەڭرىسىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويغانمىدۇ؟ مەن ھېچ بىلەلمىدىم، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ھەممىسى بىر كېچىدىلا سۇغا غەرق بولۇپ كەتتىمۇ؟

— بۇ تاسادىپىي يۈز بەرگەن بالايىئاپەت، مەلىكە، كرورەن خەلقىدە نېمە گۇناھ بولسۇن؟

ئۇلار يەنە جىمىپ قالدى، مەلىكە ۋۇجۇدىنىڭ بارغانسېرى ئىسسىپ، سەزگۈلىرىنىڭ ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ چاد تېگىننى خۇددى ئۆز ئاكىسىدەك، كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئادىمىدەك ھېس قىلدى.

ئۇلار بىرھازا سىرلىق سۈكۈتكە ئەسىر بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەلىكە يىگىتكە لەپپىدە بىر قارىۋالدى - دە:

— مېنى نېمىشقا قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— كرورەن مەلىكىسىنىڭ سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرسام بولامدۇ؟ — دېدى چاد تېگىنمۇ تۈزلا قىلىپ.

— ياق، بارۇمتاي، سىز ئوچۇقىنى دەڭ، مېنى زادى نېمىشقا قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭىز؟

چاد تېگىن جاۋاب بەرمىدى. راستىنى دېگەندە مەلىكىنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز ياكى مەن خاتا گەپ قىلىپ قويدۇممۇ، بارۇمتاي؟

— ياق، مەلىكە، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى چاد تېگىن ئاستاغىنا، — بۇ تەرىپىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ، بىر نامەلۇم كۈچ مېنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيدى... بۇ راست!...

مەلىكە كۆزلىرىنى يېنىك يۇمغىنىچە ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ تولىمۇ ھېرىپ كەتكەن ئىدى. لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي بۇرجىكى ئاقىرىپ، تاڭ يورۇش ئالدىدا تۇراتتى. سۇ يۈزى بىر خىلدا جىمىرلايتتى...

## 5

ئارىدىن ھەش - پەش دېگۈچىلا ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. لوپنۇر كۆلى ۋادىسىدا ئالتۇن كۈز باشلاندى. قۇياشنىڭ تەپتىمۇ بارغانسېرى يېنىشقا، قومۇش يوپۇرماقلىرى كۈز شامىلىدا تىنىمسىز ئۇچۇشقا باشلىدى. شۇ كۈنلەردە كروراننىڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شىمالدىكى ھونلارنىڭ تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە بولغان تەھدىتى كۈنسېرى كۈچىيىپ، تارىم بويىدىكى قانچىلىغان شەھەر دۆلەتلىرىنى سەراسىمىگە سېلىۋاتاتتى. كروران گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى كىچىككىنە شەھەر دۆلىتى بولسىمۇ، مۇداپىئەسى كۈچلۈك، ھەربىي قوشۇنلىرى خىللانغان، شۇنداقلا سودا ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكى نىسبەتەن راۋاجلانغان ئەل ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ شىمالدىكى سەلتەنەت سۈرۈۋاتقان قۇدرەتلىك ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوردىدىكى يۇقىرى قاتلام ئىچىدە كروراننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن خىلمۇخىل كۆزقاراشلار ۋە تۈرلۈك



ئىختىلاپلار مەۋجۇت ئىدى. ئۇيۇرغول، دۇرخان ۋە خېشى كارىدورى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان توخرىلار شىمالدىكى ھونلاردىن قالسىلا ئەڭ جەڭگىۋار كۈچ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھونلارنىڭ تىنىمسىز پاراكەندىچىلىك سېلىشى نەتىجىسىدە بارا - بارا غەربكە سۈرۈلۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، توخرىلار كروران ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقداش ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توخرىلار بىلەن كروران ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ كاپالىتى سۈپىتىدە توخرى شاھزادىسى چاد تېگىن كروراندە، كروران شاھزادىسى توخرى ئېلىدە بارۇمتايلىقتا تۇرۇۋاتاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئوردا ئىچىدە ئالىپ بۇقا ۋەكىللىكىدىكى ھەربىي كۈچلەر توخرىلارغا ئىزچىل تۈردە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار سىياسىي جەھەتتىن ھونلارغا يېقىنىپ، ھونلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق توخرىلارغا زەربە بېرىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، شۇڭا ئىنال قاغان كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەي، ناھايىتى بېشى قاتتى.

بىرقانچە كۈنلەردىن بۇيان كروران شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسى كۈچەيتىلدى. كەچ كىرىشى بىلەنلا ھەرقايسى تەرەپلەرگە كەتكەن كۆزەتچى لەشكەرلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ تۈرلۈك ۋەھىمىلىك خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىشەتتى. كېچىلىرى شەھەر دەرۋازىلىرى ھەم ئېتىلىپ، سېپىل سىرتىدىكى خەندەكلەرگە لىق سۇ توشتۇرۇۋېتىلەتتى، كوچىلاردا كىشىلەر ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ئىدى. سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەر كېچە - كۈندۈز ئەتراپتىكى شەپىلەرگە كۆز تىكىپ، نەيزە - قىلىچلىرىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە سۈرلۈك قىياپەتتە تۇرۇشاتتى. ئۇزاق زامانلار مابەينىدە تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، بىرمەھەل گۈللىنىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كروران دۆلىتى ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر پەيتلەرنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

بۈگۈن ئوردا ئىچى ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل سۈرلۈك كەيپىياتقا چۆمگەن ئىدى، ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىپ، نەيزە - قىلىچلىرىنى چىڭ

قوچاقلىغان ئوردا مۇھاپىزەتچى لەشكەرلىرى ھەربىر ئايلانما ئىشىكلەردە قېتىپ تۇرۇشاتتى. قوبۇلخانىغىچە سوزۇلغان ئۇزۇن ھەم كەڭرى يولغا ئوتقاشتەك پاياندازلار سېلىنغان بولۇپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئالدىراشلىق بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بىر مەزگىللىك جىددىيلىكتىن كېيىن، ئوردا قوبۇلخانىسى ئادەمگە لىق تولدى. ھەممە ئۆزىنىڭ ئورۇن تەرتىپى بويىچە رەتلىك تۇراتتى. چاد تېگىنمۇ ئاۋۋالقى يىغىلىشلارغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ بىر چەتتىكى ئورنىدا، ئەتراپقا نەزەر تاشلىغىنىچە جىمغىنا تۇردى. ئۇ كرورەن قاغانى ئىنال قاغاننىڭ چوڭقۇر ئويغا چۆمگىنىچە ئەتراپقا ئېتىبارسىز بىر ھالەتتە قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان يوغان بارماقلىرىنىڭ تەخت تۇتقۇچىنى تىنىمسىز چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. قاغان بىرەر مەسىلىگە يولۇقۇپ بىر قارارغا كېلەلمىگەندە دائىم بارماقلىرىنى چېكىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ، قاغاننى مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا جۈدەپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئىنال قاغاننىڭ ئوڭ يېنىدا ئالتۇن رەڭ يىپەككە ئورانغان كرورەن خانىشى — يۇلتۇز خاتۇن ئولتۇراتتى. خانىش ئادەتتە ناھايىتى مۇھىم ئوردا كېڭەشلىرىدىلا قاغاننىڭ يېنىدا پەيدا بولاتتى. چاد تېگىن خانىشنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللارغا خاس تەمكىنلىككە ئىگە بولغانلىقىغا قارىماي، يەنىلا ئاۋۋالقى گۈزەل جامالىنى ساقلاپ قالغانلىقىغا، كۆزلىرىنىڭ زەڭگەر دېڭىزدەك كۆكۈش ۋە تىنىق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. ئۇ ئىلگىرى مەلىكە ئايقۇتنىڭ كۆزلىرىنىمۇ زەڭگەر دېڭىزغا ئوخشاتقان ئىدى. ئېھتىمال، خانىشمۇ ياش چاغلىرىدا مەلىكە ئايقۇتتەك نۇقسانسىز گۈزەللەردىن بولسا كېرەك.

چاد تېگىن يەنە تۆۋەندە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئەر - ئايال كاھىنلارنى، ۋەزىر - ئەمەلدارلارنى، ئۇلارنىڭ قارشىسىدا بولسا، ئاۋۋالقى تەكەببۇرلۇقى بىلەن قېتىپ تۇرغان ئاتامان ئالىپ بۇقىنى كۆردى، ئوردىدا بۇنداق جىددىي كەيپىيات ئادەتتە كەمدىن - كەم كۆرۈلەتتى. ھەممە بىرھازا سۈرلۈك سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، ئىنال قاغاننىڭ يېنىك



يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوردا ئەھلى بىردەك بېشىنى كۆتۈرۈپ قاغانغا قاراشتى.

— كرورەن ئېلى ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ قىيىن پەيتلەرگە دۇچ كەلدى. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ھەرقايسىڭلار بۈگۈنكى كېڭەشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا كرورەننىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان بولساڭلار كېرەك! — قاغان شۇنداق دېگىنىچە ئەتراپقا سۈرلۈك بىر قىياپەتتە قارىدى، زال ئىچىدىن كۆپچىلىكنىڭ بىردەك ئاۋازى ياڭرىدى:

— ئۇلۇغ قاغانغا قۇللۇق، كۆك تەڭرى باش ئۈستىمىزدە تۇرۇپتۇ!

— بىز ناھايىتى قىيىن بىر تاللاشقا دۇچ كەلدۇق، — دېدى قاغان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىزنىڭ بۇ تاللىشىمىز كرورەننىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ھازىر ھونلارنىڭ قىلىچى باش ئۈستىمىزدە ئويناپ تۇرماقتا، شەرقتىكى كۈچلۈك ئەللەرنىڭ بىزگە بولغان دىققىتىمۇ كۈنسېرى كۈچەيمەكتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىن قوشنىمىز توخرىلارنىڭ بىزگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. دېمەك، كرورەن قاتمۇقات دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە تۇرماقتا. يېقىندا ھونلار بىزگە ئادەم ئەۋەتىپ، كرورەن شەھىرى بىلەن لوپنۇر ۋادىسىنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىزنى، بىزنىڭ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشىمىزنى، شۇنداق قىلغاندىلا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىدى ... مانا بۇ كرورەن ئېلىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى. قېنى، كۆپچىلىك ئويلاپ باقايلى، ئاتا - بوۋىمىز بىنا قىلغان كرورەننى تاشلاپ، چۆل - جەزىرىلەرگە كۆچەمىزمۇ ياكى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىمىزمۇ؟ ... ھەر ئىككى تاللاشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئوردا ئەھلىنىڭ بىردەك قارارغا كېلىشى ناھايىتى مۇھىمدۇر.

قاغان سۆزىنى تۈگىتىپ، ئەتراپقا سىنچى كۆزلىرى بىلەن

قارىدى. ئوردا ئەھلى بىرھازا سۈكۈتكە چۆمۈپ جىم تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزئارا پىچىرلىشىشقا باشلىدى. پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان قېرى كاھىن بىردىنلا دىمىغىنى قېقىپ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن قاغانغا مۇراجىئەت قىلدى:

— تەڭرى خالىغان بۈيۈك قاغانىم، پېقىرنىڭ ئىككى كەلىمە سۆز قىلىشىغا ئىجازەت بەرگەيلا...

— سۆزلەۋەرگىن، كاھىن، — دېدى قاغان بىر خىل ئىپادە بىلەن.

— باش ئۈستىمىزدىكى تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى كۆك تەڭرى تۇرۇۋاتقان بىپايان ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر يەر ئوتتۇرىسىدا ئىنسان ئەۋلادى ياشاشقا نېسىپ بولغان. شۇڭا ھەممە نەرسە تەڭرىلەرنىڭ ئىنايىتى بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ. كرورەن ئېلى تەڭرىلەر خالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇزاق زامانلار تىنچ - خاتىرجەم ياشاپ كەلدى، خەيرىيەت، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كرورەننى يامان روھلار قاپلاپ كەتتى. يات قوۋملارنىڭ زۇلمى ۋە تەھدىتى كۈچەيدى، ھەتتا بىزنى مۇشۇ مۇقەددەس لوپنۇردىن ئايرىپ، يىراق جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. تېخى ئىككى ئاي ئاۋۋاللا دۇئا بايرىمىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنى ھېچكىم ئۇنتۇغىنى يوق. لوپنۇر كۆلىدىكى يەر - سۇ تەڭرىسىنىڭ غەزەپ - نەپرىتى قارا بورانغا ئايلىنىپ، گۈزەل مەلىكىمىز ئايقۇتتىن باشقا قانچىلىغان قىز - يىگىتلىرىمىزنى يۇتۇپ كەتتى. بۇنداق ئېغىر ۋەقە كرورەندە ئاز كۆرۈلگەن... بۇلارنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ نېمىشقا ئاپەت تەڭرىسى كرورەنگە غەزەپ ياغدۇرىدۇ؟ شۇنىسى مەلۇمكى، كرورەنلىكلەرنىڭ ئۆزىگە ئىنايەت بېغىشلىغۇچى تەڭرىلەرگە بولغان ئېتىقادى سۇسلاپ كەتتى. لوپنۇر كۆلىدىكى يەر - سۇ تەڭرىسىگە بولغان ساداقىتى ۋە دۇئا - تىلاۋىتى ئازىيىپ كەتتى، يامان روھلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەر تېگىدىكى زۇلمەت دۇنياسىدىن چىقىپ يورۇقلۇق دۇنياسىغا يامراپ كەتتى... مانا بۇ بۈگۈنكى پېشكەللىكنىڭ نېگىزى! — سۆزلىگەنېرى قېرى كاھىننىڭ چارلاشقان ساقاللىرى تىترەپ، ئاۋازى بوغۇلۇشقا باش-



لىدى. ئۇ ئەتراپىقا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەي، كرورەن ئەھلى، باش ئۈستىمىزدە كۆك تەڭرى، ئاستىمىزدا قوڭۇر يەر بىلەن مۇقەددەس لوپنۇر تۇرۇپتۇ. يەنە بىزگە ھامىيلىق قىلىۋاتقان تەڭرى ئىنانغان قاغانىمىز ئىنال قاغان ئولتۇرۇپتۇ. شۇنداقكەن، ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىنا قىلغان كرورەننى تاشلاپ، نەلەردە سەرسان - سەرگەردان بولىمىز، مۇقەددەس لوپنۇرنى تاشلاپ قايسى چۆل - جەزىرىلەردە يۈرىمىز!؟

قوبۇلخانا سۈرلۈك تىمتاسلىققا چۆمدى، ئوردا ئەھلى چوڭقۇر ئويغا پاتقان ئىدى. كاھىننىڭ سۆزلىرى سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئويلىنىشقا مەجبۇرلىغان ئىدى. بىر چاغدا ھەممىنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ تۇرغان ئاتامان ئالىپ بۇقا سەل - پەل قىمىرلاپ، گەپ قىلىشقا تەمشەلدى، ئۇنىڭغىچە ۋەزىرلەردىن بىرى قاغاندىن ئىجازەت سوراپ گەپ ئاچتى:

— ئۇلۇغ قاغانىم، مېنىڭچە جانابىي كاھىننىڭ سۆزلىرىنى ئويلىنىپ بېقىشقا بولامدىكىن. كرورەننى تاشلاپ چىقىپ كېتىش ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا قىلغان ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن، ئەل - خەلق ئېغىر كۈنلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا ياۋغا قارشى تۇرۇش بىر خىل پەرزدۇر. شۇڭا، ئامال بار قوشنا ئەللەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزگىنىمىز باخشىراق، شۇندىلا بىرلىشىپ كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى تۇرغىلى ۋە تەڭرىلەرنىڭ، مۇقەددەس لوپنۇر كۆلىنىڭ مەدەت بېرىشىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ...

— مېنىڭچە، كرورەنلىكلەر ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك، — بىر چەتتە غادىيىپ تۇرغان ئالىپ بۇقا ئېتىراز بىلدۈرۈپ ئۈنلۈك توۋلىدى، — پېقىر ئاتامان بولۇش سۈپىتىم بىلەن كرورەننىڭ قانچىلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئوبدان خەۋىرىم بار. ھونلار ھازىر پۈتكۈل شىمالدىكى يايلاق، داللارنى زىلزىلىگە سېلىۋاتقان غايەت زور كۈچ بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىر قولى

كۈنچىقىشتا تاكى ئۇلۇغ ئوكيانغىچە يېتىپ باردى. ئەگەر ئۇلارغا قارشىلىق قىلىش توغرا كەلسە، تارىم ۋادىسىدىكى 30 نەچچە ئەل بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇزاققىچە ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلىشى ناتايىن. ۋاقتى كەلگەندە كىم - كىمگە ياردەم قولىنى سۇنالايدۇ؟ ھەتتا بىز ئىشەنگەن يېقىن قوشنىمىز توخرىلارمۇ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، كىرورەننى يۇتۇۋېلىشنى قەستلەۋاتىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا، ھونلارغا قارشىلىق قىلىش ئۆزىمىزگە ئورا كولىغانلىق بىلەن باراۋەر. ئەڭ ياخشىسى، بىز ھونلارنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىپ، كىرورەندىن ۋاقتلىق چېكىنىپ چىققىنىمىز تۈزۈك!

ئالىپ بۇقا سۆزىنى تۈگىتىپ، قارشى تەرەپتە تۇرغان چاد تېگىنگە لەپپىدە قاراپ قويدى. ۋەزىر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن بىرقانچىسى ئالىپ بۇقىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ سۆز قىستۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئوردا ئەھلى تەرەپ - تەرەپتىن تالاش - تارتىشقا چۈشۈپ، زال ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولدى. بايىتىن سۈكۈت ئىچىدە باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ تۇرغان چاد تېگىن ئەدەپ بىلەن قاغاندىن سۆز قىلىشقا ئىجازەت سورىدى.

— مەرھەممەت، بارۇمتاي، — دېدى قاغان ئىجازەت بېرىپ.

چاد تېگىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۇلتۇز خاتۇنمۇ ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدى، ئۇ مەلىكىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان بۇ يىگىتنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامەتكە ۋە تەمكىنلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— مەن كىرورەن پۇقراسى ئەمەس، بەلكى توخرى ئېلىنىڭ بۆيۈك كىرورەن ئېلىدە تۇرقاقلىقتا تۇرۇۋاتقان ئادىمىمەن. لېكىن، مېنىڭ ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ ئەلدە ئۆتتى، مەن يەنە مۇقەددەس لوپنۇرنىڭ سۈيىنى ئىچىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. شۇڭا، كىرورەن خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى ئۆز خەلقىمنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەت دەپ بىلىمەن ... — چاد تېگىن مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى



ۋە بىر دەقىقىلىك سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كىرورەننىڭ جايلاشقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، مۇقەددەس لوپنۇر كۆلى ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ھەمدەم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ۋە سودا تۈگۈنى. شۇنداق بولغاچقا، مەيلى شىمالدىكى ياكى شەرقتىكى قۇدرەتلىك ئەللەر بولسۇن، ھەممىدىن بۇرۇن كىرورەنگە كۆز تىكىشى تۇرغان گەپ. بىراق، ياۋنىڭ تەھدىتى تۈپەيلى مۇشۇ مۇنبەت تۇپراقنى ۋە ئانا لوپنۇرنى تاشلاپ كېتىش كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا زادى ئامال يوقمۇ؟ مېنىڭچە، كىرورەننىڭ بېشىدىكى ۋەھىمە توخرىلارنىڭمۇ، تارىم بويىدىكى باشقا نۇرغۇن ئەللەرنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن قىسمەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كىرورەنگە كۆز تاشلىغان ھونلار باشقا قوشنا ئەللەرنى ئامان قويارمۇ؟ كىرورەننىڭ تەقدىرى، مېنىڭچە، تارىم بويىدىكى 30 نەچچە ئەلنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ھازىرقى شارائىتتا ئۇلارنىڭ كىرورەن بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بىرلىكتە ھەرىكەت ئېلىپ بارماقتىن باشقا ئامالى يوق، توخرىلارنىڭمۇ كىرورەن بىلەن بولغان كېلىشىمنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەھدىنامىگە ئاسىيلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ھونلارنىڭ تۈنجى سىرتمىقى ئەڭ ئالدى بىلەن توخرىلارنىڭ بويىنىغا چۈشىدۇ. شۇڭا، توخرىلار ھەر ۋاقىت سىرتقى ياردەمگە، كىرورەن بىلەن داۋاملىق ئىتتىپاق تۈزۈشكە موھتاج. كالپۇك مۇزلىسا چىشمۇ ئوخشاشلا تىترەيدۇ. ئەگەر توخرىلار ھونلارغا مۇنقەرز بولسا، كىرورەن ئامان قالارمۇ؟ ھونلارنىڭ كىرورەن خەلقىنى لوپنۇر ۋادىسىدىن قوغلىۋېتىپ ئۇنىڭ بەدىلىگە تىنچلىق بېرىشى، شەك - شۈبھىسىزكى، بىر سۇيىقەست. كىرورەننىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇقەددەس لوپنۇر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. لوپنۇر كۆلىنىڭ ھەربىر تىنىقى كىرورەن ئېلىنىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، لوپنۇرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش ئەمەلىيەتتە كىرورەننىڭ ھالاكىتىنى قوبۇل قىلغانلىق بىلەن باراۋەردۇر. مەن سەممىيلىك بىلەن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، كىرورەن خەلقى كۈچلۈك دۈشمەندىن غالىب كەلمەكچى بولىدىكەن،

چوقۇم توخرىلار ۋە تارىم بويىدىكى ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق ئورغۇن ئەللەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، بىرلىكتە قارشىلىق كۆرسىتىشى كېرەك، مېنىڭچە بۇ بىردىنبىر چىقىش يولى!

چاد تېگىن سۆزىنى تۈگىتىپ جىمىپ قالدى. ئىنال قاغان ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئەمدىلا پىشىپ يېتىلگەن بۇ توخرى شاھزادىسىنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. پۈتكۈل ئوردا ئەھلىمۇ چاد تېگىنگە سۈكۈت ئىچىدە قاراشتى. چىرايى ئۆزگىرىپ قارىداپ كەتكەن ئالىپ بۇقا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تەنە ئارىلاش دوق قىلدى:

— كىرورەنلىكلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە تامامەن ئىقتىدارلىق، ئۇلار توخرىلارنىڭ مەسلىھەتىنسىزمۇ ئۆز - ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ، شۇڭا جانابىي بارۇمتاينىڭ كىرورەننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ئارتۇقچە دەپ ئويلايمەن!

— توغرا، ئاتامان! — دېدى چاد تېگىن چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، — مېنىڭ كىرورەننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھەققىم يوق. لېكىن، مەن ئۆزۈمدە بېشىغا كۈن چۈشكەن بۇ ئەلگە نىسبەتەن باش تارتىپ بولمايدىغان ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت بار دەپ ھېسابلايمەن، قېنى، جانابىي ئاتامان دەپ باقسۇن، كىرورەن ئېلى خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان شارائىتتا ياۋغا قارشى تۇرۇش ئورنىغا باش ئېگىپ قۇللۇق بىلدۈرۈش ھەققىي ئەركەكلىك بولامدىكەن!؟

— تىلىڭنى تارت، ئەبلەخ! ئۆزۈڭنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالما... — ئالىپ بۇقا ئېيىقتەك ھۆركىرەشكە باشلىدى، — ماڭا تىل تەگكۈزۈشكە نېمە ھەددىڭ!؟

— ئاتامانىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغىنى ياخشىراقمىكىن، — دېدى چاد تېگىن پىسەنت قىلماي، — ھازىرقى ۋاقىت ئۆزئارا جېدەل - ماجىرا قىلىشىدىغان پەيت ئەمەس!

— ماڭا ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچى بولما، بۇ توخرىلارنىڭ



ۋالاقشىيدىغان سورۇنى ئەمەس!

— دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنىڭ ئورنىغا شەخسىي غەرەزنى دەسسىتىش كىرورەن ئۈچۈن چوڭ بالايىئاپەتتۇر...

— ئېھە، شۆھرەتلىك قاغانىم! — ئالىپ بۇقا بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ قاغانغا مۇراجىئەت قىلدى. — توخرى بارۇمتيى كىرورەن ئاتامانىغا ھاقارەت قىلدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى ھازىرلا تېنىدىن جۇدا قىلىشقا ئىجازەت بەرگەيلا!

زال ئىچى تەۋرەپ كەتتى. خانىشنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، لەۋلىرى تىترىدى. ئۇ دەرھال قاغانغا:

— ئاتامان كاللىسىدىن ئادىشىپتۇ، بۇ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان پەيتمۇ؟ — دېدى كەسكىن تۇردە.

سۈرلۈك سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغان ئىنال قاغان بىردىنلا تەختتىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— بولدى، بەس، ئاتامان، ئاچچىقىڭدىن ياي! كېڭەشنى ئەتە داۋاملاشتۇرايلى.

## 6

چۈشتىن كېيىنكى قۇياش كىرورەن شەھرىنى تونۇردەك قىزدۇرماقتا ئىدى، ئىسسىق دەستىدىن نەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى جايلار گويا ئالۇۋۇندەك ۋىلىلدايتتى. مەلىكە ئايقۇت خاس ھۇجرىسىنىڭ ئوردا بېغىغا قارايدىغان قوش قاناتلىق دېرىزىسىنى ئۈلۈغ ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئىسسىق ھاۋا ئۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ تىمتاسلىقتا چۆمگەن باغقا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى.

باغ ئىچى جىمجىت، ئەمدىلا ئۈچلىرى سارغىيىشقا باشلىغان دەرەخ ياپراقلىرى بىر خىلدا ساڭگىلاپ تۇراتتى، ئۇلارنى مىدىرلاتقۇدەك ھېچقانداق شامال يوق ئىدى. ھەر خىل رەڭلەردە ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن

گۈللەردە كېپىنەكلەر ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى .

مەلىكە ئىچى پۇشقاندەك ، ۋۇجۇدىنى بىرنەرسە غىدىقلاۋاتقاندەك ، ئىپادىلەش قىيىن بولغان ھېسلارغا چۆمۈلدى . ئۇ ئىنكلىمە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ، قويۇق چاچلىرىنى تارىدى . ئۆرۈمى يېشىلگەن چاچلىرى يۈزلىرىنى قىيا يېپىپ تۇراتتى ، سۇتتەك ئاپئاق مەگزىلىرىدىكى بىلىنەر - بىلىنمەس زىناقلىرى ئۆزىگە ئاجايىپ ياراشقان ئىدى ، ئۇ ئۆز كۆزلىرىنىڭ زەڭگەر دېڭىزدەك تىنىق ھەم چوڭقۇر ئىكەنلىكىگە ، لەۋلىرىدە ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇدەك بىر خىل ئىپادىنىڭ بارلىقىغا ، ئەمدىلا تولۇشقا باشلىغان كۆكرەكلىرىنىڭ قىزلىق ۋۇجۇدىغا تېخىمۇ سىرلىق جەزبدارلىق ئاتا قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدى . ئۇ ئىلگىرى ئۆزىدىكى بۇ خىل يوشۇرۇن جەزبنى زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدى . راست ، ئۇ ئۆزى ھەققىدە كۆپ ئويلانمايتتى . بىراق ، ھازىرچۇ ؟ ئەجەبا ، بويىغا يەتكەن قىزلار يىگىتلەر ئۈچۈن بىر تاتلىق سىر بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئۆزى ئۈچۈنمۇ بىلىنىش قىيىن بولغان سىرمىدۇ ؟ ئۇ بىردىنلا ھېلىقى دەھشەتلىك كېچىنى ئويلاپ قالدى . لوپنۇر كۆلىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرىدا يۇيۇنغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق كېچىدە — نەم قىرغاقتا يېرىم سەزگۈ ئىچىدە ئاستا - ئاستا كۆزلىرىنى ئېچىۋاتقان مىنۇتلاردا چاد تېگىنىنىڭ ئۆزىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كەتكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈردى . ئېھتىمال ، بارۇمتاي يېگىت ئۇنىڭ ئاي نۇرى ئاستىدىكى مۇشۇ گۈزەل جامالىنى قانغۇدەك تاماشا قىلغاندۇ ... شۇنداق ، ئەگەر ئۇنىڭغا قۇياشتەك نۇرلۇق ، ئايدەك سېھىرلىك ھۆسن - جامال ئاتا قىلغان قىزلىق ۋۇجۇدىغا بولسا ، لوپنۇر كۆلىدەك چوڭقۇر ھېس - ھاياجان ، ئابىللارغا خاس ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ پىنھان تۇيغۇلارنى بەخشەندە قىلغان ...

مەلىكە ئەينەك ئالدىدا ئۆز جامالىغا مەھلىيا بولغىنىچە بىرھازا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ھۇجرىسىدىن چىقىپ كېنىزەكلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا باغقا كىردى . باغ ئاۋۇالقىدەكلا جىمجىت ۋە ئادەمسىز ئىدى . پەقەت ئاندا - ساندا گۈللۈكلەرنى سۇغىرىۋاتقان ئوردا مۇلازىملىرى



ئۇچراپ قالاتتى . مەلىكە كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، باراقسان بولۇپ ئۆسكەن مەجنۇن تاللارنىڭ ئارىسىدىكى سايە چۈشكەن يوللار بىلەن چىرايلىق ياسالغان راۋاققا كېلىپ توختىدى . راۋاقنىڭ ئۇ تەرىپىدە كىچىكرەك كۆلچەك بار ئىدى . تال شاخلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان كۆل يۈزىدە بىر توپ غاز - ئۆردەك بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرەتتى . مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن راۋاق ئاستىدىكى ئايلانما ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى - دە ، ئىختىيارسىزلا چاد تېگىنىنى ئويلاپ قالدى . « ئۇ نېمىشقا يېقىندىن بۇيان كۆرۈنمەيدىغاندۇ ياكى ئۆزىنى قەستەن قاچۇرۇپ يۈرەمدىكىنە ؟ »

مەلىكە ئىچى پۇشقان ھالدا كۆل تەرەپكە قارىدى . كۆل يۈزى كۈن نۇرىدا ئەينەكتەك پالىلداپ تۇراتتى . دەل شۇ چاغدا خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا راۋاقتا ئالىپ بۇقا پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ بېلىگە ئەگمەچ قىلىچ ئاسقان ، قولىدا بىر تۇتام گۈل كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ ، ھىجايغىنىچە مەلىكىگە قاراپ ئېگىلىپ سالام بەردى :

— گۈزەل مەلىكە ياخشى تۇردىمىكىن ؟

خىيالدىن چۆچۈگەن مەلىكە ئالدىدا تۇرغان ئالىپ بۇقىنى كۆرۈپ ، ئۈركۈگەن كېيىكتەك ئورنىدىن دەست تۇرۇپ كەتتى . كېنىزەكلەر نەگىدۇر يوقالغان ئىدى .

— سىز ... سىز نېمىشقا باغقا كىردىڭىز ؟

— گۈللەرنى تاماشا قىلغىلى ... — ئالىپ بۇقا گۆشلۈك يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، قولىدىكى بىر باغلام قىزىلگۈلنى ئېگىلىپ تۇرۇپ مەلىكىگە ئۇزاتتى ، — مەلىكىنى گۈلگە ئامراق دەپ ئاڭلىۋېدىم .

— خاتا ئاڭلاپسىز ، ئاتامان ، باغقا كىمنىڭ ئىجازىتى بىلەن كىردىڭىزكىن ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ ، مەلىكەم ، ئاتامان ئۈچۈن چاھارباغقا كىرىشكە ئىجازەت سوراش ھاجەتسىز ...

— سىزگە بۇ ھوقۇقنى كىم بەردى ؟

— ھا ، ھا - ھا ! ... — ئالىپ بۇقا كۆرەڭلىك بىلەن قاقاقلاپ

كۆلدى، — كىم بىرەتتى، مەلىكە، ئۆزۈمگە ئۆزۈم بەردىم!

— دەرھال چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا يۈز - خاتىر قىلمايمەن...

— ئاچچىقلانماڭ، ئامرىقىم، سىزدەك ئاي يۈزلۈك كىرورەن گۈزەللىگە ئاچچىق ياراشمايدۇ... ئوبدان بىلىۋېلىڭ، پىقىرغا كىرورەن تەۋەسىدە چەكلەنگەن ھېچقانداق يەر يوق، بۇ باغمۇ شۇنىڭ ئىچىدە!

— تولا ئەزمىلىك قىلماڭ!

مەلىكە قاپىقىنى تۈرۈپ، راۋاقتىن چۈشۈپ كېتىشكە تەمشەلدى. ئالىپ بۇقا چاققانلىق بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىنى توستى:

— ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا ھېلىقى توخرىلىق ھارامزادە بولغان بولسا قانداق قىلاتتىڭىز، مەلىكە؟

— تامامەن قارشى ئالغان بولاتتىم! — مەلىكە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

— بۇ ئىختىيارىڭىز ئەمەس، مەلىكە!

— نېمە ئۈچۈن؟

— مەن ئۈچۈن، كىرورەن ئۈچۈن!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— بىلىپ قويۇڭكى، كىرورەن مەلىكىسى پەقەت كىرورەنلىكلەرگىلا مەنسۇپ.

— مېنىڭ تەقدىرىمنى بەلگىلەشكە سىزنىڭ نېمە ھەددىڭىز؟

— تامامەن ھەددىم بار دەپ قارايمەن.

— بۇ خام خىيالىڭىز!

ئالىپ بۇقىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقتىن تىترەپ كېتىۋاتقان قوللىرى بىلەن قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ ۋارقىرىدى:

— كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن شۇنى دەپ قوياي، مەن كىرورەندە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شەخسمەن. ئىنال قاغاننىڭ كۈنى ئاز قالدى، كىرورەننىڭ تەقدىرى ھامان بىر كۈنى پىقىر-



نىڭ قولىدا ھەل بولىدۇ. مەن بۈگۈن كېچە ئۆز قولۇم بىلەن ھېلىقى توخرى نەسلىدىن بولغان ھارامزادىنى بوغۇزلىۋېتىمەن، توخرىلار كېلىشىمگە ئاسىيلىق قىلىپ، كىرورەنگە قوشۇن تارتىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. قولۇمدا قاغاننىڭ بارۇمتايىنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى يارلىقى بار. ھون ئاتلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى كىرورەننى ھامىنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، مەلىكىنىڭ ئەقلى بولسا، ھونلارغا دېدەك بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن پىقىرنىڭ قانات ئاستىغا كىرىۋېلىشنى ئويلىشى كېرەك... قانداق، ياخشىراق ئويلىنىڭ، گۈزىلىم!

ئالىپ بۇقا كۆرەڭلىك بىلەن قوللىرىنى سوزۇپ مەلىكىنىڭ ئەگەكلىرىدىن كۆتۈردى، تۇيۇقسىز چاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مەلىكىنىڭ نازۇك قوللىرى ئالىپ بۇقىنىڭ تەستىكىگە تەگدى.

— ئىپلاس، قارا نىيىتىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتىم... تەگرى سېنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدۇ!

مەلىكە غەزەپ بىلەن شۇنداق دېگىنىچە يۈگۈرگەن پېتى باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا، چاد تېگىن ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟... دېگەن قورقۇنچلۇق خىيال دولقۇنلايتتى.

مەلىكە قاتمۇقات ئىشىكلەردىن ئۆتۈپ، ئانىسى يۇلتۇز خاتۇننىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. خانىش قۇش پېيىدىن ياسالغان ئاپئاق يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن مەلىكىنىڭ ئىشىكتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراش ئورنىدىن تۇردى:

— كېلىڭ، قىزىم، سىزگە نېمە بولدى، چىرايىڭىز باشقىچە كۆرۈنىدىغۇ؟

مەلىكە گەپ - سۆز قىلماستىن ئىچىگە كىردى - دە، رام ئالدىغا كېلىپ جىمغىنا تۇردى. ئۇپۇققا باش قويغان كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئۇنىڭ ئىچىگە ئېقىپ كىرمەكتە ئىدى.

— گەپ قىلىڭچۇ، قىزىم، سىزنى كىم خاپا قىلدى؟

— ھېچكىم.

— ئەمىسە، نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە.

خانىش يېنىنىك كۈلۈپ قويىدى ـ دە، مەلىكىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى نورمالسىزلىقنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى. مەلىكە يېقىندىن بۇيان راستىنلا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئانىڭىزدىنمۇ يوشۇرغۇدەك نېمە گېپىڭىز بار، قىزىم، ماڭا ھەممىنى دەڭ! — دېدى خانىش مەلىكىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ.

— ئانا، مەن ... مەن بىرىنى ...

ئانا قىزىنىڭ كەيپىياتىدىن ھەممىنى چۈشەندى، بىراق قىزىنىڭ ئاغزىدىن چاد تېگىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بېشىغا سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى.

— بىچارە قىز، قانداقسىگە شۇنداق بولغاندۇ؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئانا.

— قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟

— دۇئا بايرىمىدىن كېيىن.

— ئۇچۇ، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

— بىلمەيمەن.

— ئەمىسە، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىڭ!

— بۇ مۇمكىنمۇ، ئانا، ئۇ ياخشى يىگىتقۇ!؟

— ئۇ ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، بەرىبىر كرورمىن پۇقراسى ئەمەس، بۇنىڭغا دادىڭىزمۇ قوشۇلماسلىقى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ... — خانىش گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— نېمە بولىدى، ئانا، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — مەلىكە تىترىگەن ئاۋازدا سورىدى.

— قىزىم، سىز تېخى كىچىك، نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيسىز، ھازىر كرورمىننىڭ ۋەزىيىتى قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بىزدىن كېيىن قالىسىڭىز نېمە كۈنلەرنى كۆرەرسىز، كېچە ـ كۈندۈز غېمىم شۇ. ھونلار



بىزنى كرورمىننى تاشلاپ يىراقلارغا كۆچۈشكە زورلاۋاتىدۇ. توخرىلارمۇ ئارىدىكى كېلىشىمنى بۇزغانمىش. شۇڭا، قائىدە بويىچە بارۇمتايلىقتا تۇرۇۋاتقان شاھزادە ئۆلتۈرۈلىدىكەن. بۇنىڭغا سىزمۇ، مەنمۇ بىرنېمە دېيەلمەيمىز. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ ياخشى يىگىت ... بىراق، بىراق بىزدە نېمە ئامال، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، قىزىم ...

خانىش مەلىكىنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلدى. مەلىكە خانىشنىڭ قۇچىقىدا ئۇزاقىچە ئۈنسىز يىغلىدى. ھاياتنىڭ دەھشەتلىك قىسمەتلىرى كىچىكىدىن غەمسىز چوڭ بولۇپ، ئەركىن ياشاۋاتقان بۇ گۈزەل كرورمىن مەلىكىسىنى ئۆزىنىڭ شىددەتلىك زەربىلىرى بىلەن ئازابلىماقتا ئىدى ...

ئاجايىپ، ھايات دەپ ئاتالغان بۇ سىرلىق جەريان نېمىشقا بەزىدە ئاتلىق كۈلكىسى بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرسە، بەزىدە رەھىمسىز سىناقلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى لەختە ـ لەختە قان قىلىۋېتىدىغاندۇ!؟

## 7

ئاي نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئاپئاق كىيىنگەن مەلىكە ئايقۇت ئېھتىيات بىلەن ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن باغقا چىقتى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى سۇس شىلدىرلايتتى. راۋاق يېنىدىكى كۆلچەكتىن پاقىلارنىڭ تىنىمسىز كۇركىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەلىكە راۋاق قېشىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىغا كەلگەندە، ئاق بوز ئارغىماقنى تۇتۇپ تۇرغان مۇلازىمنى كۆردى.

— ھەممە تەييار بولدى، مەلىكە، — دېدى مۇلازىم مەلىكىگە قاراپ يېنىك تەزىم بىلەن.

— بارۇمتايغا خەۋەر قىلدىڭمۇ؟

— ھەئە، مەلىكە.

— قاچان كېلىدىكەن ؟

— هازىرلا .

— ئاتامان قايسى قوۋۇقتا تۇنەيدىكەن ؟

— مىرمەن قوۋۇقىدا .

— ياخشى ، ئۇنداقتا ئىشلىك تۈگىدى . كىرىپ ئۇخلىساڭ بولىدۇ .

— باش ئۈستىگە ، مەلىكە .

مۇلازىم ئاستا مېڭىپ باغدىن چىقىپ كەتتى . مەلىكە ئارغىماقنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ ، ئۇنىڭ بويۇن - باشلىرىنى سىلىدى . ئاق ئارغىماق چىرايلىق باشلىرىنى سىلكىپ - سىلكىپ مەلىكىنى يۇراشقا باشلىدى . بۇ ، كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل نەسىللىك پەرغانە ئارغىمىقى بولۇپ ، كرورەندە يېگانە يۈگۈرۈك ئات ھېسابلىناتتى . ئىنال قاغان ئۇنى توخرى سودىگەرلىرىدىن قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ، مەلىكىگە تەقدىم قىلغان ئىدى . شۇڭا ، ھازىرغا قەدەر مەلىكىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنى مىنىپ باقمىغان ئىدى . ئارغىماق تازا كۈچىگە تولغان بولغاچقا ، ئۇزۇن يايلىلىرى تىكلىنىشىپ ، تۇكلىرى پارقىراپ ، ھەم ئىنچىكە ، ھەم چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى .

— مەلىكە ، مەن كەلدىم ، — يېقىنلا جايدىن بارۇمتاي يىگىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— چاد تېگىن !

مەلىكە بارۇمتاينىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى . شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ بارۇمتايغا دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرى بولسىمۇ ، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيۋاتاتتى .

— بىز مەڭگۈلۈك خوشلىشىدىغان بولدۇق ، بارۇمتاي ، — دېدى مەلىكە ئاستاغىنا .

— نېمىشقا ، مەلىكە ؟ — چاد تېگىن ھەيرانلىق ئىچىدە مەلىكىگە قارىدى .

— تېخىچە ھېچنېمىنى سەزمەي يۈرەمسىز ؟



— نېمە ئىش بولدى ؟

— ناھايىتى خەتەرلىك ، چادتېگىن ، — دېدى مەلىكە ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن قاراۋېتىپ ، — توخرىلار كرورەن بىلەن ئۈزگەن كېلىشىمگە ئاسىيلىق قىلىپ ، بىزگە قارشى قوشۇن تەييارلاۋاتقانمىش ...

— بۇ پۈتۈنلەي ئىغۋا ، مەلىكە .

— گېپىمگە ئىشىنىڭ ، چادتېگىن ، مەن بۇ گەپلەرنى ئاتامدىن ئاڭلىدىم .

— ئارىدا ئۇقۇشماسلىق بار ، مەلىكە ، — دېدى بارۇمتاي تەمكىن ھالىتىگە قايتىپ ، — ھازىر توخرىلارمۇ ، كرورەنلىكلەرمۇ ئوخشاشلا ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش ئالدىدا تۇرىدۇ . شۇنداقكەن ، توخرىلارنىڭ كرورەنگە قوشۇن تارتقۇدەك نەدە چولىسى بولسۇن ؟

— بىخۇدلۇق قىلماڭ ، چادتېگىن ، — دېدى مەلىكە يالۋۇرغاندەك بىر خىل ئاھاڭدا ، — ھاياتىڭىز خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ . بۈگۈن كېچە ئاتامان ئالىپ بۇقا سىزگە قول سېلىشى مۇمكىن .

— بۇنى نەدىن بىلىسىز ؟

— مەن سېزىپ قالدىم .

— ئۇ ماڭا بۇرۇندىنلا چىش بىلەپ كېلىۋاتىدۇ .

— بۇنى بىلىمەن ، چاد تېگىن !

— كرورەن ئېلىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشۈۋاتقان پەيتلەردە مەن بىلىپ تۇرۇپ قاچامدىمەن ؟

— سىز ياشاشنى خالىمامسىز؟ — مەلىكە چاد تېگىننىڭ كۆزلىرىگە قادىلىپ تۇرۇپ سۆزلىدى ، — ھەممىدىن مۇھىمى ھاياتلىق ، ئادەم ھايات بولسىلا ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ . سىز ئالىپ بۇقىنىڭ قولىدا جان بېرىشنى خالامسىز ؟

چاد تېگىن گەپ قىلمىدى . شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن ئۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتسە قانداق

بولىدۇ ؟ ئەگەر قاچمىسچۇ ؟ تولۇن ئاينىڭ نۇرىدا ئەتراپ سۈت رەڭگە كىرگەن ئىدى ... ئۇ ئىختىيارسىز لوپنۇر كۆلىدىكى ئاشۇ دەھشەتلىك كېچىنى ئەسلەپ قالدى . ئۇ ، ھالاكەت دېڭىزىدىكى شىددەتلىك دولقۇنلار ئارىسىدا جان ـ جەھلى بىلەن ئۈزۈۋېتىپ ، ساھىلنى ، ھاياتنى قانچىلىك ئويلىغان ـ ھە !... ئەجەبا ، شۇنداق دەھشەتلىك خەتەرلەردىن ساق قېلىپ ، ئەمدىلىكتە ئۆزىنى بىكاردىن ـ بىكار ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسۇنمۇ ؟ ئالدىدا تۇرغان گۈزەل كرورەن مەلىكىسى ئۇنى ھايات قىلىشقا ، ئۆلمەسلىككە ئۈندەۋاتىدۇ . بىراق ، كرورەن ئېلى ئېغىر كۈنلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان پەيتلەردە ئوغرىلىقچە قېچىپ كېتىشكە ئۇنىڭ ئەركەكلىك غۇرۇرى يول قويارمۇ ؟...

ئۇ ، خىلمۇخىل زىددىيەتلىك خىياللار قايىنىمىدا بىرھازا جىمغىنا تۇردى ، يېنىك سوقۇۋاتقان كېچە شامىلىدا ساڭگىلاپ تۇرغان تال شاخلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىرغاڭشىيتتى .

— كرورەننىڭ كەلگۈسى تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر ، سىز بىلەن بىزنىڭ تەقدىرىمىزچۇ ؟

— ئۇۋ ... ئۇقمايمەن ... چاد تېگىن !

مەلىكىنىڭ ئاۋازى سۇس ، تىترەك ئارىلاش چىقتى ، ئاي نۇرى ئاستىدا ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ۋە شۇنچىلىك نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى . چاد تېگىن بىردىنلا ، مەلىكە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىنا ، دەپ خىيال قىلىپ قالدى .

— مېنى نېمىشقا قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولۇۋاتىسىز ؟

چاد تېگىن بىر چاغلاردا مەلىكە ئۆزىدىن سورىغان سوئالنى قايتۇرۇپ سورىدى .

— سىزمۇ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانغۇ ، چاد تېگىن ؟

— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ؟

— ئۇقمايمەن ، نېمىلا بولمىسۇن ، سىز ھايات قېلىشىڭىز كېرەك ... دەل شۇ چاغدا ئاق ئارغىماق يېنىك كىشنەپ قويدى ، ئۇلار جىددىيلىشىپ ئەتراپقا قارىدى . مەلىكە تەشۋىشلىنىپ ، چاد تېگىنگە يېقىن سۈرۈلدى .

— تېز بولۇڭ ، چاد تېگىن ، قانچە كېچىكسىڭىز شۇنچە خەتەرلىك ، باشقىلار سېزىپ قالمىسۇن .

— بىراق ، شەھەر قوۋۇقى ئاللىقاچان تاقالدى . ئەمدى چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس .

— مەن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم . سىز ئۇدۇل كۈنچىقىش قوۋۇقىغا مېڭىڭ ، شەھەردىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ كەتسىڭىزلا ، ئاق ئارغىماققا ھېچنېمە يېتىشەلمەيدۇ !

مەلىكە ئارغىماقنىڭ چۇلۋۇرىنى چاد تېگىنگە تۇتقۇزدى . ئۇنىڭ قوللىرى يىگىتنىڭ قوللىرىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تېگىپ كەتكەن ئىدى ، شۇئان ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر تىترەك ئولاشتى . مەلىكە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئاستا پىچىرلىدى :

— بىز يەنە كۆرۈشەلەرمىزمۇ ، چادتېگىن ؟

— مەن قايتىپ كېلىمەن ، ھاياتلا بولسام چوقۇم قايتىپ كېلىمەن ، مەلىكە ! — يىگىتنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقتى .

مەلىكىنىڭ كىرپىكلىرىگە ياش تامچىلىرى قونۇپ كۆزلىرى نۇرلاشتى . ئۇ ئۆزىنى گويا يەر يۈزىدە ئەمەس ، بەلكى ساماۋى ئەرشتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كەتتى . شۇنداق ، ئۇنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان ۋۇجۇدىدىن ئاجايىپ ئۇلۇغ بىر نەرسە ئۇچۇپ چىقىپ ، دەقىقە ئارىلىقىدا غايىب بولىدىغاندەك قىلاتتى ... قىز نامەلۇم بىر كۈچ تۈرتكىسىدە يارۇمتاي تەرەپكە بىر قەدەم چامدىدى ـ دە ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، بېشىنى ئاستا كۆتۈردى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تىنىقلىرى يارغانسېرى جىددىيلەشمەكتە ئىدى ... قىزنىڭ كىرپىكلىرىدە يالتىراۋاتقان ياش تامچىلىرى ئاستا ـ ئاستا تۈۋەنگە دومىلاپ چۈشتى ، لەۋلىرى ئوت بولۇپ ياندى ... ئۇ ئۆزاققىچە كۈتتى ... چۈشكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان غۇۋا سېزىم ئىچىدە مەلىكىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئات تۇياقلىرىنىڭ بارغانسېرى

يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. مەلىكە ئېسىگە كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچقاندا، پەقەت ئالدىغا سوزۇلغان پېتى بوشلۇقتا قېتىپ قالغان ئۆز قوللىرىنىلا كۆرەلىدى...

## 8

كىرورەنلىكلەر ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنىڭ ھايات - ماماتلىق مىنۇتلىرىنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار ھونلارنىڭ كىرورەندىن كۆچۈش توغرىسىدىكى شەرتىنى رەت قىلىپ، ھەرقانداق قىسمەتنى ئاتا - بوۋىلىرى بىنا قىلغان بۇ ئۇلۇغ شەھەردە كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى. ئوردا ئىچىدە ئالىپ بۇقا ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم كۈچلەر ئىزچىل ھالدا ھونلارنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنال قاغان كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن، قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئالىپ بۇقىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ جىمىپ قالدى. ئىنال قاغان تارىم ۋادىسىدىكى تۇرغۇن ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھونلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. لېكىن، تېخىچە ئۇلاردىن ئۇچۇر يېتىپ كەلمىگەن بىر كەچلىكى تۇيۇقسىز يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

كىرورەن شەھىرىنى ۋەھىمە قاپلىدى، شەھەر قوۋۇقلىرى مەھكەم تاقىلىپ، ئاسما كۆۋرۈكلەر يىغىۋېلىندى. خەندەكلەرگە ئاۋۋالقىدەكلا لىق سۇ توشتۇرۇۋېتىلدى. ئىنال قاغان شەخسەن ئۆزى شەھەر سېپىلىنى ئايلىنىپ، مۇداپىئە ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

پاكار، جۈغى كىچىك، ئەمما يۈگۈرۈكلۈكى چىقىپ تۇرغان ھون ئاتلىرى كۈنچىقىش تەرەپتىكى لوپنۇر قوۋۇقى ئەتراپىدا پەيدا بولدى. ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاننىڭ دەستىدىن ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. پەقەت ھون لەشكەرلىرىنىڭ قالايمىقان ۋارقىراشلىرى،



ئاتلارنىڭ تىنىمسىز كىشنەشلىرى ئاڭلىناتتى. سېپىل ئۈستىدىكى كىرورەن لەشكەرلىرى سېپىل ئاستىغا تىنىمسىز ئوق ئۈزدى. ھايال ئۆتمەي، چاڭ - توزان ئاستا - ئاستا تارقاپ، ھەممە نەرسە ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تۇمان تارقىغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھون قوشۇنلىرى پۈتكۈل كىرورەن شەھىرىنى چەمبەر شەكلىدە قورشاپ ئالغان ئىدى. لېكىن، ئۇلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلمىدى. ئەكسىچە سېپىل تۈۋىدىن يىراقتا چېكىنىپ، بارگاھ قۇردى ۋە گۈلخان يېقىپ بەخىرامان تاماقلىنىشقا باشلىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار يېرىم كېچىدە شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولسا كېرەك. سېپىل ئۈستىدىكى كىرورەن لەشكەرلىرىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكەچ، سەپراس بولۇپ، مۇداپىئە جېڭىگە تەييارلىنىپ تۇردى.

ئەتراپنى گۈگۈم پەردىسى قاپلىدى. كىرورەن شەھىرىنىڭ سېپىللىرىنى سۇس قىزارتىۋاتقان ئاخىرقى ئۇپۇق نۇرلىرىمۇ ئۆچتى. كېچە قاراڭغۇلۇقى ھەممە نەرسىنى ئۆز قوينىغا غەرق قىلماقتا ئىدى. نېمىشقىدۇر ھون قوشۇنلىرى جىمپىلا كەتتى. ئەتراپتىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى، سېپىل ئۈستىدە مۇداپىئەگە تەييارلىنىپ تۇرغان كىرورەن لەشكەرلىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تىت - تىت بولۇشماقتا ئىدى. بىر قېتىملىق قانلىق جەڭ ئالدىدىكى سۈرلۈك سۈكۈنات كىرورەن شەھىرىگە تېخىمۇ دەھشەتلىك ۋەھىمە بېغىشلاۋاتاتتى.

ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقان ئىدى. تەدرىجىي سۇۋۇشقا باشلىغان تەكلىماكان قوينى ئۆزىنىڭ سىرلىق ئۇيقۇسىغا ئەسىر بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا شەھەرنىڭ مىرەن قوۋۇقى تەرەپتىن بۇرغا ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا «قى - چۇۋ» قىلىپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھون قوشۇنلىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى گويا يەر تەۋرەۋاتقاندەك گۈلدۈرلەپ، ھازىرلا پۈتكۈل شەھەرنى كۇمپەيكۇم قىلىۋېتىدىغاندەك دەھشەت بىلەن بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. كىرورەن لەشكەرلىرى ئوقيالىرىنى

بەتلەپ جەڭگە تەق بولۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھەم قورقۇنچ، ھەم ئىشەنچ؛ ھەم گۇمان، ھەم شىجائەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مۇرەككەپ ھېسلار چاقناپ تۇراتتى. پۈتكۈل شىمالنى زىلزىلىگە سېلىۋاتقان ھون قوشۇنلىرىنى كرورەن شەھىرىنىڭ سېپىلى توسۇپ قالالارمۇ؟ كرورەنلىكلەر زادى قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەر!؟ شۇنداق، قارشىلىق كۆرسىتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق... كۆك تەڭرى بىلەن مۇقەددەس لوپنۇر ئۇلارغا مەدەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى، تىنىقى قالغۇچە قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييار!

شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ھون قوشۇنلىرى سېپىل ئاستىدىكى خەندەك يېنىغا كەلگەندە بىردەك توختىدى ـ دە، ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرۇلغان يا ئوقلىرىنى شەھەر ئىچىگە قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۇچى پاژىلداپ كۆيۈۋاتقان سانسىزلىغان ئوقيا باشاقلىرى سېپىل ئۈستىدىن ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ شەھەر ئىچىگە چۈشۈشكە باشلىدى. شەھەر ئاسمىنى ئوت يورۇقىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. كىشىلەر شىددەتلىك ئوت ھۇجۇمىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈمدى. ھون لەشكەرلىرى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئوقيا ئېتىشنى داۋاملاشتۇردى. بىراق، كرورەن شەھىرى ئىچىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى كاكىل لايدا ۋە توپا بىلەن چىڭدالغان سوقما تاملاردا ياسالغاچقا، ئوت كېتىش ۋەقەسى كۆرۈلمىدى. بىر ھازادىن كېيىن، ھونلار ئوت ھۇجۇمىنىڭ ئۈنۈم بەرمىگەنلىكىنى سېزىپ، ئوقيا ئېتىشنى توختاتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاقلارغىچە سېپىل ئەتراپىدا قىيا ـ چىيا سېلىپ ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا بارگاھلىرىغا چېكىنىپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭلا ھونلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى باشلاندى. ئۇلار ئەمدى ھۇجۇم ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، شەھەر سېپىلىدىن بۆسۈپ كىرىش ئۈچۈن تاش ئاتىدىغان سالغىلارنى ئىشقا سالغان ئىدى. غايەت زور سالغا تاشلىرى شەھەر سېپىلىگە شىددەت بىلەن تېگىشكە باشلىدى. ھەربىر قېتىم يوغان ـ يو-



غان تاشلار سېپىلگە تەگكەن ھامان گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، سېپىلدىن چاڭ ـ توزانلار كۆتۈرۈلەتتى. سېپىلگە تېگىپ قاڭقىپ چۈشكەن سالغا تاشلىرى ئاستىدىكى لىق سۇ توشقۇزۇلغان خەندەكلەرگە چۈشۈپ، ئەتراپقا سۇ چاچرىتاتتى. ھونلار خېلى ۋاقىتلارغىچە سېپىلغا سالغا تېشى ئېتىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن مۇستەھكەم قىلىپ سوقۇلغان سېپىلنى ئۆرۈپ تاشلاشقا كۆزى يەتمىدى بولغاي، ھۇجۇمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

ياز ئاخىرلىشىپ قالغىنىغا قارىماي، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. سۈس سوقۇۋاتقان كۆز شامىلى لوپنۇر كۆلى تەرەپتىن تىنىمسىز تۇزۇۋاتقان قۇمۇش ـ يېكەن توزغاقلىرىنى شەھەر ئاسمىنىغا ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. كەچ كىرىپ گۇگۇم چۈشۈشى بىلەن ھاۋا ئاستا ـ ئاستا سوۋۇشقا باشلىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ھونلارنىڭ كرورەن شەھىرىگە قىلغان بىرقانچە قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كرورەنلىكلەرنىڭ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىش ئىشەنچى ئاشتى. شەھەر مۇداپىئەسىمۇ بارغانسېرى كۈچەيتىلدى. ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك قورشاۋغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. بىراق، تارىختىكى كۆپىنچە ۋەقەلەر تاسادىپىي بولىدۇ. گاھىدا ھېچقانداق ئويلاپ باقمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ ھەممىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە كىچىككىنە بىر يوچۇقمۇ بىر ئەلنىڭ ۋە بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. چۈنكى، تارىخ ئىنسان ئىرادىسىدىن سىرت، رەھىمسىزلىك دەھشىتى ئىچىدە راۋاجلىنىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن...

ئۈچىنچى كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ھون قوشۇنلىرى شەھەرگە شۇنداق تاسادىپىي باستۇرۇپ كىردىكى، ئېھتىمال لوپنۇر كۆلىنىڭ سۈيى ئۆرلەپ، كرورەن شەھىرىگە ئېقىپ كىرگەن تەقدىردىمۇ كرورەن شەھەر خەلقى ئۇنچىلىك ھەيران قالمىغان بولار ئىدى. ئۈۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك ئەسەبىيلەشكەن ھون قوشۇنلىرى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن

مىرىن قوۋۋقى تەرەپتىن شىددەت بىلەن شەھەرگە يوپۇرۇلۇپ كىرىشكە باشلىغاندا، سېپىل ئۈستىدىكى كرورەن لەشكەرلىرى بۇنداق تاسادىپىي ئەھۋالدىن داڭ قېتىپ، ساراسىمە ئىچىدە سېپى بۇزۇلدى. ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى، ئۇرۇش - چېپىش ۋە قىيا - چىيا سادالار شەھەر كوچىلىرىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

هون لەشكەرلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن ئوردا تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە تېخىچە يېتەلمىگەن ئىنال قاغان بۇنداق تاسادىپىي قىسمەتتىن ئەندىكىپ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە تەختتە جىمغىنا ئولتۇردى. ھەيۋەتلىك قوبۇلخانىدا شام چىراغلار سۇس يېنىپ تۇراتتى. ۋەزىر - ۋۇزرالاردىن تارتىپ، ئوردا مۇلازىملىرىغىچە ھەممىسى ۋەھىمىلىك سۈكۈتكە چۆمگەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيتنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. دۈپۈرلىگەن ئاۋازلار، شاۋقۇن - سۈرەنلەر بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى، ئىنال قاغاننىڭ قېشىدا چىرايى تامدەك تاتارغان ھالدا ئولتۇرغان خانىش يۇلتۇز خاتۇن مەلىكىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. چار ساقاللىرى دىرىلدەپ تىترەۋاتقان قېرى كاھىن ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ، دۇرۇت ئوقۇۋاتاتتى...

ئازابلىق سۈكۈت ئىچىدە ئۆلۈمنى — بىر ئەلنىڭ ھالاكىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش نېمىدېگەن قىيىن - ھە! نېمشقا ھەممە ئىشلار شۇنچىلىك تاسادىپىي ۋە شۇنچىلىك تېز يۈز بەردى؟ كرورەنلىكلەر كۆك تەڭرىنىڭ، مۇقەددەس لوپنۇرنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدىمۇ؟ بىرمەھەل گۈللەنگەن ئاۋات شەھەر دۆلىتى كرورەن شۇنىڭ بىلەن تارىخ بېتىدىن ئىز - تىزسىز غايىب بولارمۇ!؟

ھېچكىمنىڭمۇ بۇ سوئاللارنى ئويلىغۇدەك جۈرئىتى يوق ئىدى. قوبۇلخانىغا توپلانغان ئوردا ئەھلى گويا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك، ئەمما ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى زادىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيۋاتقاندەك بىر خىل غوۋا تەشۋىشلىك تۇيغۇغا چۆمگەن ئىدى.

.. ئاخىرقى دەقىقىلەر يېتىپ كەلدى. قىلىچ - نەيزىلىرىنى يالىڭاچلىغان



هون لەشكەرلىرى قوبۇلخانىغا باستۇرۇپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن ئادەم يەيدىغاندەك ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى... چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان هون ئاتامانى بۈركۈتنىڭكىدەك سارغۇچ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، قوبۇلخانىدىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. شىمالدىكى يايلاق خەلقلىرىگە خاس قاۋۇل ھەم بەستلىك كەلگەن هون ئەسكەرلىرى ئورا كۆز، قاڭشارلىق ۋە بۇرۇت - ساقاللىق كرورەنلىكلەر ئۈچۈن ناھايىتى غەلىتە ۋە قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. كەڭ يۈز، بۈركۈت كۆز، تاغاق سۆڭگىكى بۈرتۈپ چىققان ۋە بەستلىك كېلىدىغان هونلارنىڭ نامى كرورەنلىكلەر ئۈچۈن ناھايىتى تونۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار هونلارنى كەمدىن - كەم كۆرگەن ئىدى. شۇڭا، هونلارنىڭ تەقى - تۇرقى ئۇلارغا قورقۇنچ ئۈستىگە قورقۇنچ سالدى.

قوبۇلخانىنى بىرھازا سۈرلۈك سۈكۈت قاپلىدى. تېخىچە تەختتە كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بارماقلىرىنى تىنىمسىز مىدىرلىتىپ ئولتۇرغان ئىنال قاغان لەپپىدە كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ، هون ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا شۈمشەيگىنىچە ئۆزىگە يەر تېگىدىن قاراپ تۇرغان ئالىپ بۇقىنى كۆردى - دە، «غۇرت» قىلىپ بۇغدىيىكىنى ھەرىكەتلەندۈردى. دەل شۇ چاغدا ئالىپ بۇقا ئالدىغىراق سۈرۈلۈپ، هون ئاتامانىغا پىچىرلىدى:

— ئىنال قاغان دېگەن شۇ، ئاتامان جانابلىرى!

ئوردا ئەھلى ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا بىردەك ئالىپ بۇقىغا قاراشتى. ئىنال قاغانمۇ غەزەپتىن ئوت بولۇپ يانغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. ئالىپ بۇقا ھودۇققىنىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتىيۇ، يەنە ئەيمەنمەستىن يۈزلىرىگە يالغان كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ھىجايدى:

— قاغانىم، بۇ تەقدىرنىڭ قىسمىتى، ئەينى چاغدا مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، بۈيۈك هونلار سەلتەنەتىگە باش قويغان بولسىلىرى ...

— مۇناپىق!

ئىنال قاغان ئورنىدىن دەست تۇرۇپ كەتتى، ئاچچىقتىن ئۇنىڭ

يۈزلىرى قارىداپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتكەن ئىدى.

— ئاچچىقلانمىغايلا، قاغانىم، بۇ قانداق پەيت؟ ئەلىڭ ياخشىسى بىر قوشۇق قانلىرىنى تىلىسىلە! — ئالىپ بۇقا مەسخىرە ئارىلاش سوغۇق كۈلدى.

— كۆزۈمدىن يوقال، لەنىتى مەلئۇن!

ئىنال قاغاننىڭ غەزەپلىك ئاۋازى قوبۇلخانىنى لەرزىگە كەلتۈردى. جىددىيلەشكەن هون ئەسكەرلىرى كۆتمەك قىلىچلىرىنى شىلتىغان پېتى قاغانغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ باردى. كۆزلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان هون ئاتامانى ئېتىلىپ بارغىنچە خانىشنىڭ قۇچىقىدا بۆجەندەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان مەلىكە ئايقۇتنى زەرب بىلەن يۇلۇپ ئالدى - دە، ئالىپ بۇقىنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى. ئاندىن چاقماق تېزلىكىدە بىر قىلىچ ئۇيىنىتىپلا ئىنال قاغاننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. مەلىكىنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋازى قوبۇلخانىنى لەرزىگە كەلتۈردى. سۇس پىلدىرلاپ تۇرغان شام چىراغلار ئۆرۈلۈپ، قوبۇلخانا ئىچىنى قىيامەت دەھشىتى قاپلىدى. ۋارقىراش - جارقىراشلار، قىيا - چىيالار ئۇزاققىچە بېسىقمىدى، شەھەرنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدە لاۋۇلداپ ئوت كۆيگىلى تۇردى. ئەتراپتىن دىماغنى يارغۇدەك قان هىدى كېلەتتى...

## 9

شەھەر ئۇدا ئۈچ كۈن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغاندىن كېيىن، قۇرۇقدىلىپ قالدى. هونلار كرورەن شەھىرىنى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى تارىم ۋادىسىدىكى باشقا ئەللەرگە كەلگە كۆلەمدە يۈرۈش قىلىشتىكى مۇھىم بازىغا ئايلاندۇردى. قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان بىر قىسىم كرورەن ئاھالىسى ئازغىنا يۈك - تاقلىرىنى ئات - ئۇلاغلىرىغا ئارتىپ، قان - ياش ئىچىدە يىراقتا — پىشامشان① تەرەپكە قاراپ كۆ-

① پىشامشان — قەدىمكى زاماندا تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي بۆرجىكىدە قۇرۇلغان كىچىك بىر ئەل ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، كرورەن خەلقى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پىشامشان ([illegible]) غا كۆچكەن.



چۈشكە باشلىدى. بۇنداق كۆلپەتلىك قىسمەت كرورەن بىنا بولغاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى.

كرورەن خەلقى يىراققا سەپەر قىلىۋاتقان ئۈچىنچى كۈنى ئالىپ بۇقا مەلىكە ئايقۇتنى ئېلىپ، ئازغىنا لەشكەرلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا پىشامشانغا قاراپ يولغا چىقتى. مەلىكە ئىككى كېنىزىكىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەخسۇس تەييارلانغان مەپىدە ئېلىپ مېڭىلغان ئىدى. ئالىپ بۇقا باشلىق كرورەننىڭ قالدۇق لەشكەرلىرى مەلىكىنىڭ مەپىسىنى ئارىغا ئېلىپ، لوپنۇر قوۋۇقىغا تۇتىشىدىغان كوچىغا كىردى. خانىۋەيران قىلىنغان شەھەر كوچىلىرىدىن ئاچچىق كۆيۈك ھىدى كېلەتتى. گاھىدا لالما ئىتلارنىڭ ئانىدا - ساندا قاۋىغان بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. بىر-قانچە كۈن ئاۋۋالقى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن كرورەننىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى.

مەلىكە يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى يول قاسىنىقىدىكى كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەرگە تىككىنىچە، روھى چىقىپ كەتكەندەك جىمغىنا ئولتۇراتتى. ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ ئاناردەك مەگزىلىرىدىن قان قېچىپ، ئويناق كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، جۇدەپلا كەتتى. ئۇنىڭ يىراقلارغا تىكىلگەن ئويچان كۆزلىرىدىن كىشىنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرغۇدەك بىر خىل مۇڭ چىقىپ تۇراتتى. كوچىلاردا ئاتلىق ۋە پىيادە هون لەشكەرلىرى ئالدىراشلىق بىلەن ئۇياق - بۇياقلارغا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. هايال ئۆتمەيلا لوپنۇر قوۋۇقىنىڭ ھەيۋەتلىك پەشتاق - مۇنارلىرى كۆرۈندى. قوۋۇق ئۈلۈغ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئاسما كۆۋرۈك چۈشۈرۈلگەن ئىدى. تولۇق قوراللانغان هون ئەسكەرلىرى قوۋۇق ئەتراپىدا كۆزەتتە تۇرۇۋاتاتتى.

شەھەر قوۋۇقىغا كەلگەندە مەلىكە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قوۋۇق پەشتىقىغا ئېسىپ قويۇلغان قەپەسكە كۆز تاشلىدى - دە، بەدەنلىرى تىت-كەنلىشىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلار قۇيۇلدى. چىشلىرى كارسىلداپ، تىترىدى... قوۋۇق مۇنارىنىڭ كۆرۈ-نەرلىك جايىغا قاغاننىڭ كاللىسى سېلىنغان قەپەس ئېسىلغان ئىدى.

قانچىلىك دەھشەتلىك كۆرۈنۈش ـ ھە! مەلىكە ھوشىدىن كېتىپ مەپە ئىچىگە يىقىلدى. كېنىزەكلەر كۆز يېشى قىلىشتى. كۆرەڭ قاشقا ئات ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇرغان ئالىپ بۇقا مۇناردىكى ئېسقلىق تۇرغان قەپەسلەرگە سوغۇق نەزەر تاشلاپ قويدى. ھېچكىم بىر ئېغىز تىنمىدى. ئاتلىقلار شەھەر قوۋۇقىدىن چىققاندىن كېيىن، ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلى ساھىلىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

كۈن ئاستا ـ ئاستا قىزىشقا باشلىدى. بىپايان لوپنۇر كۆلى قۇياش نۇرىدا جىمىرلاپ تۇراتتى. ساھىل بويلاپ ئۆسكەن توپ ـ توپ قومۇشلارنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان پۆپۈكلىرى يېنىك شامالدا ئۇچۇپ، سۇ يۈزىگە قوناتتى ... مەلىكە ھېچنېمىنى ئويلىيالمىدى، نەچچە كۈندىن بۇيان ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك قىسمەتلەر ئۇنى گاڭگىرىتىپ، قەلبىنى ئازاب سىرتمىقى بىلەن قىساقتا ئىدى. ئەجەبا، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ؟ ئۆتمۈش گويا بىر مەيدان چۈشتەك كەلمەسكە كەتتىمۇ؟ كرورەنلىكلەر زادى نېمە گۇناھ قىلدى؟ ... بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلىكە ئۈچۈن جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان سوئاللار ئىدى.

تىنىچ ھەم خاتىرجەم ياشاۋاتقان، ھاياتنىڭ دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلىرىغا دۇچ كەلمىگەن، قەلبىدە رومانتىك خىياللار تولۇپ ياتقان غەمسىز بىر قىز ئۈچۈن، شۇنداق تۇيۇقسىزلا ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىش قانچىلىك زەربە ـ ھە! بۇنداق زەربىنى ناھايىتى ئاز ئادەملەرلا كۆتۈرەلەيدۇ. ھاياتنىڭ دەھشەتلىك قىسمەتلىرى مەلىكىگە ئوخشاش قاتمۇقات تاملار ئىچىدە، جۇدۇن ـ چاپقۇن كۆرمەي ئۆسكەن نازۇك تەبىئەتلىك گۈللەرگە ئىز سالغاندا، يا ئۇلارنى سولدۇرۇپ قەلبىنى لەختە ـ لەختە قىلىۋېتىشى مۇمكىن، يا ئۇلارنى تاۋلاپ ئىرادىلىك قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

مەلىكە تۇرۇپلا ئۆزىنى گويا تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك، ئاشۇ ھاڭدىن چىقالمايدىغاندەك ھېس قىلىپ كەتتى. راست، ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتتىن ئۈمىد كۈتكۈدەك نېمىسى قالدى!؟ قەلبىدە تۈنجى



پاك سۆيگۈ ئوتى پەيدا قىلغان تۇخرى يىگىتى يىراق ـ يىراقلارغا ـــ ئۆز ۋەتىنىگە ئۇچۇپ كەتتى. ئېھتىمال، ئۇ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ ... ئەنە، ۋەتىنى، خەلقى مۇنقەرز بولدى. ئاتىسىنىڭ كاللىسى كېسىلىپ شەھەر قوۋۇقىغا ئېسىلدى ... كۆز ئالدىدىكى ھەممە گۈزەل نەرسىلىرى گويا تارقاپ كېتىۋاتقان ئاق تۇتەككە ئوخشاش بىردەمدىلا غايىب بولدى. ئەمدى ھاياتتا، شۇنداقلا كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا مەدەت، تەسەللى بولالايدىغان نېمە بار؟ تېگى يوق ئازابلىق خىياللار ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمىدى. بېشىدىن گويا ئېغىر يۈك بېسىپ تۇرغاندەك ئۆزىنى، شۇنچىلىك ھارغىن، شۇنچىلىك ئاجىز ھېس قىلدى. چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان، قەلبىدە زەررىچە ئۈمىدنىڭ شولىسى قالمىغان بىر تەنھا قىز ئۆزىگە مەدەت ۋە تەسەللى بېرەلەيدىغان بىر كۆچكە قانچىلىك ئىنتىزار بولىدۇ ـ ھە!؟

لوپنۇر كۆلى بارا ـ بارا يىراقتا قېپقالدى. مەلىكە ئايقۇت جىمىرلاپ تۇرغان ئانا لوپنۇرنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان بىر خىل ئازابلىق ھېس ـ ھاياجان ئىچىدە يىراقتىن بىر پارچە ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان كۆلگە كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بوغۇزىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرغۇپ چىقىۋاتقان ئاچچىق يىغا تىقىلدى. راست، كرورەنلىكلەر تەڭرى ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلدى؟ ئۇ ئىختىيارسىز ئۆز ـ ئۆزىدىن يەنە شۇ سوئالنى سوراپ قالدى.

چۆل بارغانسېرى قۇرغاقلىشىپ، بوستانلىقلار كەينىدە قېپقالدى. يانتاق، توغراق قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرىمۇ بارا ـ بارا شالاڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەلىكە سىرتتىكى چۆل ـ جەزىرىلەرگە ئېتىبارسىز بىر خىل ھالەتتە قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، گويا ئەمدى ھەممە نەرسە ـــ گۈزەل كۆكۈم، ئوتتاشتەك شەپەق، زەڭگەر ئاسمان، پايانسىز چۆللەرنىڭ ھەممىسى جىمى سېھرىي كۈچىنى يوقاتقاندەك. قىلچە ئەھمىيىتى قالمىغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قىزلىق ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، قەلبىدە يېڭىدىن ـ يېڭى ھېسسىياتلار ئويغاتقان ئايدىڭ كېچىلەر قېنى؟ ئۆزاقتىن ـ ئۆزاق تويماي قارايدىغان، سۈيى ئەلۋەك، باغرى

كەلەك، مېھرى ئىسسىق لوپنۇر كۆلى قېنى؟ يەنە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرچۇ؟ ئەمدى نېمىشقا تەبىئەتمۇ شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز ۋە سۇرلۇن كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى؟

مەلىكە يول بويى تۇرلۇك - تۇمەن خىياللار قاينىمىدىن چىقالمىدى، شۇنچىلىك ئۇزاق، شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز يولنى قانداقلارچە بېسىپ، كۈنىنىڭ قانداقلارچە كەچ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى، پۈتۈن بىر كۈنلۈك سەپەر خىيال ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى.

گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى، چۆل يۈزىدە ئاخىرقى قېتىم سۇس يالتىراۋاتقان كەچكى شەپەق نۇرلىرىنىمۇ ئۆز قوينىغا ئالدى. ئالىپ بۇقا ئاتتىن چۈشۈپ لەشكەرلىرىگە چېدىر تىكىشكە بۇيرۇق بەردى، چېدىر ئەتراپىدا گۈلخانلار يېقىلىپ، لەشكەرلەر كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلدى ۋە ئاتلىرىنى ئىككى - ئۈچتىن قىلىپ پۇتلىرىنى چۈشەپ ئوتقا قويۇپ بەردى. تاماقتىن كېيىن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن لەشكەرلەر تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

ئالاھىدە تىكىلگەن ئاق چېدىرغا ئىككى كېنىزىكى بىلەن مەلىكە ئايىقوت ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئوتتۇرىدىكى ياغاچ تۈۋرۈكتە كىچىككىنە شام چىراغ سۇس يېنىپ تۇراتتى. كېنىزەكلەر ئۇيقۇغا كەتتى. مەلىكە بېشىنى ئىككى تىزىغا قويغىنىچە تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ تولىمۇ چارچاپ كەتكەن ئىدى. پۈتۈن كۈن مەپىدە چايقىلىپ ئولتۇرغاچقا، بەدەنلىرى سىرقىراپ ئاغرىماقتا ئىدى. تەگسىز خىياللار يەنىلا ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتماقتا ئىدى. شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ئولتۇردىكىن، بىر چاغلاردا كۆزلىرىنىڭ بارا - بارا ئۇيقۇغا ئىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

... جىمىرلاپ تۇرغان لوپنۇر كۆلى بويىدا مەلىكە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. يېنىك سۇ دولقۇنى تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كېلىپ قۇمساڭ قىرغاقنى يالايتتى. چەكسىز ئۇزاقلارغىچە سوزۇلغان قومۇشلۇق ساھىللار كۈن نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇراتتى. ئاقىرىشقا باشلىغان قومۇش پۆپۈكلىرى



ئارىسىدىن بىر ئاتلىق يىگىتنىڭ بېشى كۆرۈنۈپ قالدى. يىگىت مىنىۋالغان ئاق ئارغىماقنىڭ يايلىلىرى شامالدا تىنىمسىز يەلپۈنەتتى... مەلىكە «يارۇمتاي!» دېگىنىچە، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ يىگىت تەرەپكە يۈگۈردى. يىگىتمۇ ئېتىنى دېۋىتىپ مەلىكىگە يېقىنلاشتى. مەلىكىنىڭ قولاق تۈۋىدىن يېنىك شامallar ئۇچاتتى. قومۇشلار يەلپۈنەتتى. كۆل يۈزى تىنىمسىز جىمىرلايتتى... مەلىكە پۇتلىرىنىڭ نەم قۇمغا تەگكەن - تەگمىگەنلىكىنى سېزەلمىدى. گويا بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتقاندەك ئاجايىپ لەرزان، ئاجايىپ يېنىك بىر تۇيغۇ ئۇنى لەيلىتىپ بارماقتا ئىدى... ئۇلار بىر - بىرىگە يېتەي دەپ قالغاندا، تۇيۇقسىزدىنلا يەر يېرىلىپ، مەلىكە بېلىگىچە قۇمغا پېتىپ قالدى. يىگىتمۇ ئېتى بىلەنلا يېرىققا چۈشۈپ كەتتى، ئاق ئارغىماق كىشنەيتتى، چاپچىيتتى، لېكىن بارغانسېرى يېرىققا پېتىپ كېتىۋاتاتتى. مەلىكە بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپ، يېرىقتىن چىقىپ كېتىشكە تىرىشتى، قوللىرى بىلەن قۇملارنى تاتىلاپ كۈچەپ باقتى. لېكىن، مىدىرلىيالمىدى، ۋارقىرىماقچى بولدى، لېكىن ئاۋازى چىقمىدى. گويا يەر تېگىدىن بىر قول ئۇنى تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، بارغانسېرى قۇمغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى. چاد تېگىن كۆرۈنمەيتتى، ئۇ قوللىرىنى سوزۇپ ئەسەبىيلىك بىلەن تۇۋلىدى...

مەلىكە ۋارقىرىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن، بېشى لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى، شام چىراغ ئۆي ئىچىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. ۋاقىت تۈن نىسپى بولغان بولسا كېرەك، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. مەلىكە قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى، كېنىزەكلەر كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىشىك تەرەپكە قارىدى - دە، قورققىنىدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. كۆزلىرى چەكچەيگەن ئالىپ بۇقا مەلىكىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ، مەلىكىنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرۈپ سىرلىق ھىجايدى:

— ھىھ... ھىھ... مەلىكەم!

— سەن، سەن... نېمە قىلماقچى؟ — مەلىكە ئۆركۈگەن



بۆجەندەك تۈگۈلۈپ، ئىككى قولى بىلەن كۆكرىكىنى تۇسۇۋالدى. ئۇنىڭ پېشانىلىرىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ تۇراتتى.

— قورقماڭ، گۈزىلىم، ۋاقىت خېلى بار... مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈشكە بۈگۈن كېچىدىنمۇ ياخشىراق پەيت يوق!... قانداق دېدىم؟

— يېقىن كەلمە، ۋارقىرايمەن... — مەلىكە غال - غال تىترەپ كەينىگە داجىدى، — چىقىپ كەت... كۆك تەڭرىدىن قورققىن...

— ياق، مەلىكەم، بۇ شۇنداق ئاسان ئىشمۇ؟ مەن سېنىڭ بەدەلىڭگە كرورەلنى ساتتىم، تېخىمۇ توغرىسى، سېنى كرورەنگە تېگىشتىم. بۇنى مەندىن كۆرمە، راست، مەندە نېمە ئامال؟ سېنىڭ ئايدەك تولغان، قۇياشتەك پارلاپ تۇرغان تەڭداشسىز كۆرۈكلۈك جامالىڭ مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. قېنى، ماڭا يېقىن كەل، مەن مۇشۇ پەيتلەرنى قانچىلىك كۈتتۈم!

ئالىپ بۇقا كۆڭلىكىنى زەرب بىلەن تارتىپ يېشىۋەتتى - دە، ساڭگىلىغان قورساقلىرىنى چايقاپ مەلىكىگە يېقىنلاشتى. مەلىكە ئۆزىنى چېدىر ئىشىكىگە ئاتتى. بىراق، ئىشىك ئاللىقاچان باغلىۋېتىلگەن ئىدى. ئۇ، ئەسەبىيلىك بىلەن چېدىر ئىشىكىنى مۇشتلاپ، تارتىپ، چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندى، شەھۋەت ۋەسۋەسىدىن خۇدىنى يوقاتقان ئالىپ بۇقا مەلىكىنىڭ نازۇك بېلىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى - دە، داق يەرگە تاشلىدى، مەلىكە بار كۈچىنى يىغىپ قارشىلىق قىلدى، ۋارقىراپ يىغلىدى، لېكىن ئالىپ بۇقىنىڭ ئېيىقنىڭكىدەك تۈكلۈك قوللىرى ھەش - پەش دېگۈچە مەلىكىنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ، ئۇنى يېرىم يالىڭاچ قىلىپ قويدى. مەلىكە قاشتېشىدەك ئاپئاق كۆكرىكىدە پىلتىڭلاپ تۇرغان ئەمچەكلىرىنى ئىككى قولى بىلەن توسۇپ، پۇتلىرى بىلەن تېپىچەكلەيتتى، يۇلقۇناتتى. ئالىپ بۇقىنىڭ تامدەك گەۋدىسى بارا - بارا مەلىكىنى ئاستىغا بېسىپ بارماقتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا چېدىر ئىشىكى گۈپپىدە ئۆرۈلۈپ چۈشتى. خۇدىنى يوقاتقان ئالىپ بۇقا گەجگىسىگە تېرەلگەن ئۆتكۈر تىغدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنى كۆردى.

— با ... بارۇمتاي ، سەن ... سەن ...

— تۇر ئورنۇڭدىن ، ئىپلاس !

چاد تېگىن قىلىچىنى شىلتىپ ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىغىنى ئالىپ بۇقىنىڭ كانىيىغا تاقاپ تۇرۇۋالدى ۋە بىر چەتتە لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان مەلىكىگە گەپ قىلدى :

— تېز بولۇڭ ، مەلىكە ، ئارغىماقنىڭ يېنىغا چىقىڭ !

داگىقىپتىپ تۇرغان مەلىكە كىيىملىرىنى چالا - بۇلا تۈزەشتۈرۈپ سىرتقا يۈگۈردى .

چاد تېگىن ئالىپ بۇقىنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ چەمبەرچاس باغلىدى ۋە ئاغزىغا ياغلىق تىقىپ ، قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنى نوقۇدى :

— ۋەتىنىنى ساتقان مۇناپىق ، تەگرى سېنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدۇ ، خەير ، بۇ قېتىم بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچەي ، ئەمدى ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما !

چاد تېگىن غەزەپ بىلەن شۇنداق دېدى - دە ، گۈس - گۈس دەسسەپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى .

تىمتاس چۆل كېچىسى داۋاملىشىۋاتاتتى . ئاندا - ساندا يۇلتۇزلارنىڭ خىرە يالتىراۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئادەمسىز چۆل قاپقاراڭغۇ ئىدى . چاد تېگىن بىر سەكرەپلا ئاق ئارغىماققا مىندى - دە ، قوللىرىنى سوزۇپ مەلىكىنى ئەپچىللىك بىلەن ئالدىغا ئېلىۋالدى . ئارغىماق گويا ئۆز ئىگىسىنى تونۇۋاتقاندەك ئالدى پۇتلىرى بىلەن چاپچىپ ، قاتتىق بىرنى كىشنىدى - دە ، قۇيۇندەك تېزلىك بىلەن چۆل قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن لەشكەرلەر ئات تۇيىقىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ، پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى . بىرقانچىسى ئېغىزىغا لاتا تىقىلغان ئالىپ بۇقىنىڭ قوللىرىنى يەشتى ، ئاچچىقتىن ئەسەبىيلەشكەن ئاتامان يېرىلغۇدەك بولۇپ ۋارقىرىدى :



— ئېتىمنى ئېلىپ كېلىش ، توگگۈز كۈچۈكلىرى ... توخرىلىق هارامزادىنى تېز قوغلاش !

نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى تېخىچە ئاڭقىرالمىغان لەشكەرلەر ئالىپ بۇقىنىڭ كەينىدىن چۆل قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە ئات سېلىشتى .

ئات تۇياقلىرى جىمجىت چۆل قوينىنى لەرزىگە سالدى . يەر تەۋرەۋاتقاندەك دەھشەتلىك ئاۋازلاردىن ئۈركۈگەن كېيىك ، ئارقار قاتارلىق چۆل ھايۋانلىرى قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ، قالايمىقان يۈگۈرۈشەتتى . شەرق تەرەپ ئاقىرىپ ، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى . چاد تېگىن بىر قولى بىلەن مەلىكىنى يېنىك قۇچاقلاپ ، ئارغىماقنى بولۇشىچە قويۇپ بەردى . ئاق ئارغىماق خۇددى بىلگەندەكلا لوپنۇر كۆلى تەرەپكە قاراپ چاپماقتا ئىدى . ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئالىپ بۇقىنىڭ لەشكەرلىرى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى . ئالدى تەرەپتىن لوپنۇر كۆلىنىڭ قومۇشلۇق ساھىلى كۆرۈندى . چاد تېگىن ئارغىماقنىڭ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ، ئۇچ كېچە - كۈندۈزدىن بۇيان ، ئارغىماق تۇزۇك بىرنەرسە يېمىگەن ھەم دەم ئالمىغان ئىدى . ئەمدى داۋاملىق چېپىۋېرىشكە ئۇ يەرداشلىق بېرەلمەيتتى . چاد تېگىن ئەمدى ئارغىماقنى ئاستىلىتىپ ، دۇمبىسىدىن يا كىرىچىنى ئالدى - دە ، پەم بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ ، لەشكەرلەرگە ئوق ئۈزدى . شىمالنىڭ يايلاقلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ چوڭ بولغان بۇ توخرى شاھزادىسىنىڭ ئۈزگەن ئوقى بىكارغا كەتمەيتتى . ئۇنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۈزگەن ئوقلىرى ۋىڭىلداپ بېرىپ ئالىپ بۇقىنىڭ لەشكەرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى . ئۇنىڭ سادىقىدىكى ئاخىرقى ئوقى تۈگىگەندە ، ئالىپ بۇقا ئۆزى يالغۇز قوغلاپ كېلىۋاتاتتى . چاد تېگىن ئارغىمىقىنىڭ بېشىنى بۇراپ ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كېلىۋاتقان ئالىپ بۇقىغا روبىرو قاراپ تۇردى . ئالىپ بۇقىنىڭ گۆشلۈك يۈزلىرى قارىداپ ، كۆزلىرىگە قان تولغان ئىدى . ئۇ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلمىسام ھېساب ئەمەس ، توخرى

ھارامزادىسى!

— ئالدىرىما، مۇناپىق، مەن تەڭرىنىڭ ساڭا بەرگەن جازاسىنى ئىجرا قىلىمەن!

چاد تېگىن مەلىكىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ قويدى-دە، ئارغىماقتىن سەكرەپ چۈشتى. جىددىيلەشكەن مەلىكە تىترەك ئاۋازدا:

— كۆك تەڭرى سىزگە يار بولسۇن، چاد تېگىن! — دېدى.

ئالىپ بۇقىمۇ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئىككى جۈپ كۆز بىر-بىرىگە جىددىي رەۋىشتە تىكىلدى. ئۇلار بىر-بىرىگە ھازىرلا ئېتىلىدىغان ئەسەبىي ئارسلانلاردەك بىرھازا نەرە تارتىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، قاتتىق ئېلىشىپ كەتتى. بىر-بىرىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان قىلىچ بىسلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ تاڭ قۇياشى جەۋلان قىلدى. ئەتىگەنلىك يېنىك شامال قومۇش توزغاقلىرىنى يىراقلارغا توزىتىپ ئۇراتتى. كۆل يۈزى يىراقتىن گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالاتتى.

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا يېتىلگەن چەۋەندازلاردىن ئىدى. چاد تېگىننىڭ ھەرىكىتى يېنىك، چاققان ئىدى. ئالىپ بۇقىنىڭ بولسا ئېغىر، ئەمما كۈچلۈك ئىدى. ئىككىسىدىن كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىدىن ئەتراپقا قۇم دانىچىلىرى سېپىلەتتى. مەلىكە دېمىنىمۇ چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماستىن، ھايات-ماماتلىق جېڭىگە چۈشكەن بۇ ئىككى رەقىبكە تەشۋىش ئىچىدە قاراپ تۇردى. ئۇلار ئەسەبىيلىك بىلەن بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بىر چاغدا ئالىپ بۇقىنىڭ تۇيۇقسىز ئۇرغان بىر قىلىچى چاد تېگىننىڭ سول مۈرىسىنى سۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. مەلىكە ئىختىيارسىزلا «ۋاي» دەپ تىۋۋلىۋەتتى. چاد تېگىننىڭ مۈرىسىدىن تەپچىرەپ قان چىقىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك يەنىلا جان تىكىپ ئېلىشىۋاتاتتى. قىلىچلار شۇنچىلىك ئەپچىللىك بىلەن بىر-بىرىگە ئۇرۇلاتتىكى، گويا ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى يېڭىشى مۇمكىن ئەمەستەك



كۆرۈنەتتى. بىر چاغدا چاد تېگىن بىر نەرسىگە پۇتلاشتى بولغاي، تۇيۇقسىزلا ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئالىپ بۇقا ئۆزىنى بارۇمتايىغا ئاتتى. ئۇ، بار كۈچى بىلەن بارۇمتايىنىڭ كانىيىغا قول سېلىشقا ئۇرۇندى. ئاستىدا تىرەجەپ تۇرغان چاد تېگىن شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن قىلىچىنى ئۈستىگە بىر شىلتىغان ئىدى، ئۆتكۈر تىغ ئاتامانىنىڭ قورسىقىدىن كىرىپ، دۈمبىسىدىن چىقىپ كەتتى. مەلىكە قورقىنىدىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئالىپ بۇقا كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، ئاغزىنى بوغان ئاچقىنىچە بىرھازا ئىڭرىغاندىن كېيىن، خۇددى تام ئۆرۈلگەندەك، كەينىگە گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان قانلىق جەڭ ئاخىرلاشتى. چاد تېگىننىڭ ئۈستۈبېشى قىپقىزىل قانغا بويالغان ئىدى. ئۇ، ئالىپ بۇقىنىڭ جەسىتىگە بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز مەلىكىگە قارىدى. مەلىكىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئاگسىز رەۋىشتە بىر-بىرىگە ئۇزاققىچە قارىشىپ تۇردى. 18 ياشلىق بۇ كىرورەن قىزى مۇشۇ دەقىقىلەردە، ئۈستۈبېشى قانغا بويالغان بۇ توخرى شاھزادىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۇنجى قېتىم ئەركەكلەرنىڭ چەكسىز جاسارىتىنى ۋە گۈزەللىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. چاد تېگىن ئاستاغىنا ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىدى:

— مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، مەلىكە!

مەلىكە گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنىلا تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى... مەلىكە بىرھازا ئېسەدەپ يىغلىغاندىن كېيىن، ئاستا پىچىرلىدى:

— بۇ تەڭرىنىڭ ھۆكمى، چاد تېگىن! سىز تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈردىڭىز...

ئۈشتۇمتۇت يىراقتىن چاڭ-توزان كۆتۈرۈلدى. بىر توپ ئاتلىقلار قۇيۇندەك تېزلىك بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. چاد تېگىن سەزگۈرلۈك بىلەن ئەتراپىنى كۆزەتكەندىن كېيىن:

— ئەھۋال خەتەرلىك، مەلىكە، ئۇلار ھون لەشكەرلىرىكەن! — دېدى جىددىيلەشكەن ھالدا.
— قانداق قىلىمىز؟ — مەلىكە ئەندىكىپ سورىدى.
— قاچىمىز.
— قاياققا؟
— تەكلىماكان قوينىغا.
— تەكلىماكانغا؟ — مەلىكە ھەيرانلىق بىلەن تەكرارلىدى.
— شۇنداق، مەلىكە، تەكلىماكانغا قاچىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق. ھازىر لوپنۇر كۆلى ۋادىسى تامامەن ھونلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى، بۇ يەردە تۇرۇش بىز ئۈچۈن خەتەرلىك، تەكلىماكان ئارقىلىق يول تېپىپ، قوشنا ئەللەرگە چىقىپ كېتەيلى!
ئۇلار چەيدەسلىك بىلەن ئارغىماققا مىندى ـ دە، قومۇش پۆپۈك-لىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆل ساھىلىنى بويلاپ، پايانسىز قۇم دېڭىزىغا — تەكلىماكان قوينىغا ئات سالدى.

## 10

سانجاق ـ سانجاق قۇم بارخانلىرى بارا ـ بارا كېڭىيىپ، باش ـ ئايىغى يوق چەكسىزلىككە ئايلاندى. ھەممە نەرسە — زۇمرەتتەك كۆكۈش لوپنۇر كۆلىمۇ، يېشىل كىمخابتەك بوستانلىقلارمۇ يىراقلىشىشقا باشلىدى. تەكلىماكان قوينىغا ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى توغراق، يانتاق قاتارلىق چۆل گىياھلىرىمۇ ئازىيىپ، پايانسىز قۇم دېڭىزىدىن باشقا ھېچنېمە كۆ-رۈنمەيلا قالدى. ھونلارنىڭ كۆزەتچى لەشكەرلىرى نىشانىنى يوقىتىپ، ئىلاجسىزلىقتىن كەينىگە يانغان ئىدى.
تومۇز ئاللىقاچان ئۆتۈپ كۈز كىرگىنىگە قارىماي، قۇياش نۇرى تەكلىماكان باغرىنى يەنىلا ئوتتەك قىزدۇراتتى. چۆل گويا ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە تۇتىشىپ كەتكەندەك. ئۇنىڭ گىرۋىكىگە يېتىش مەڭگۈ مۇمكىن



ئەمەستەك تۇيۇلاتتى ... چاد تېگىن ئارغىماقنىڭ ھاسىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاتتىن چۈشتى. مەلىكىمۇ ئاتتىن چۈشمەكچى بولغان ئىدى، چاد تېگىن ئۇنى توسۇۋالدى.
— سىز چۈشمەڭ، مەلىكە، قۇملۇقتا ماڭالمايسىز.
— ئەمىسە سىز نېمىشقا چۈشۈۋالدىڭىز؟
— ئات ھېرىپ قالدى.
مەلىكە ئاتنىڭ يايلىنى سىلاپ قويدى. راست دېگەندەك ئارغىماق-نىڭ دۈمبىسىدىكى پارقىراپ تۇرغان تۈكلىرى ئارىسىدىن شۇرۇلداپ تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى. تەكلىماكاننىڭ تونۇردەك ئىسسىقى سالقىن يايلاقلاردا ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ ئېسىل نەسىللىك پەرغانە ئارغىمىقىنى بارغانسېرى ھالسىرىتىپ بارماقتا ئىدى. چاد تېگىن ئاغزى ـ بۇرنىدىن پۈرقىراپ ئاق كۆپۈك قايناۋاتقان ئارغىماقنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن بۇيان ئات دەم ئالمىدى، — دېدى ئېچ ئاغرىتقان ھالدا.
— قاياقلاردا يۈردىڭىز؟
— كرورەن ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ يۈردۈم.
— ئەمىسە ھەممە ئىشتىن خەۋىرىڭىز بار ئىكەن ـ دە ...
— شۇنداق، مەلىكەم، خەۋىرىم بار.
— مەن سىزنى ۋەتىنىڭگە قايتتى، دەپ ئويلاپتىمەن.
— ھاجىتى قالمىدى، مەلىكەم، مېنىڭ ئېلىم ھونلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئاللىقاچان غەربكە كۆچۈپتۇ. ھازىر توخرىلارنىڭ نەلەردە سەر-سان بولۇپ يۈرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. مېنىڭمۇ، سىزنىڭمۇ ئوخشاشلا ۋەتىنىمىز يوق ... شۇنداق، بىز ۋەتەنسىز قالدۇق ... نەگە بارىمىز، نەدە توختايمىز؟ بۇنى ئۇقمايمىز ... — چاد تېگىن ھەربىر قەدىمىنى يۆتكىگىنىدە، پۇتلىرى قۇمدا تېيىلىپ يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا كېلىپ قالاتتى. ئارغىماقنىڭ پۇتلىرىمۇ قۇمغا پېتىپ ماڭالماي قالدى. ئۇنىڭ سىلىق تۈكلىرى ئارىسىدىن تەر تامچىلىرى قۇيۇلاتتى. ئات قاتتىق ئۇس-

ساپ كەتكەنلىكتىن، تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپ، تىنىمسىز پۇشقۇراتتى.

— ئات ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىپ كەتتى، — دېدى چاد تېگىن ئارغىماقنىڭ بويۇنلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بىچارە جانىۋار!

— سۇ ئىچكۈزەيلى، — دېدى مەلىكە ئېگەرگە غانجۇغلاپ قويغان سۇ تۇلۇمنى يېشىشكە تەمشىلىپ.

— ياق، مەلىكە، تۇلۇمنى يەشمەڭ.

— نېمىشقا؟

— سۇ قىس.

— ئازراق ئىچكۈزەيلى، ئاتقا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— بولمايدۇ، مەلىكە، بىر تېمىم سۇنىمۇ تېجىشىمىز كېرەك.

— بىچارە ئات ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى!

— ئامال يوق، مەلىكە، يەنىلا ئادەم مۇھىم، سۇنى ئاتقا ئىچكۈزسەك بىز ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىمىز.

ئارغىماق ئەمدى پۇتۇنلەي ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇ، ئىسسىق قۇمدا ئېغناپ، پۇتلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ تېپىچەكلەيتتى. گاھىدا تۇمشۇقىنى قۇمغا تىقىپ، ئاغزىدىن ئوتتەك قىزىق ئاق كۆپۈكلەرنى پۇشقۇراتتى. تەكلىماكان ئىسسىقى دەقىقىلەپ ئارغىماقنىڭ ھاياتىي كۈچىنى خورىتىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلار ئىككىسى ئازابلىق سۈكۈت ئىچىدە ئارغىماقنىڭ جان ئۈزۈشىنى كۈتۈپ تۇردى. مەلىكىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ئۇ بىردىنلا قولىدا تۇتۇپ تۇرغان سۇ تۇلۇمنىڭ ئېغىزىنى يېشىپ، ئىچىدىكى سۇنىڭ ھەممىسىنى ئاتنىڭ ئاغزىغا قۇيۇۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى...

قۇياش بارا - بارا غەربكە قىيسىيىپ، ئۇنىڭ ئوتتەك تەپتىمۇ بارغانسېرى پېسىقىشقا باشلىدى. ئارغىماق ئۇزاققىچە جان تالاشقاندىن كېيىن ئاخىرقى قېتىم بىرقانچىنى تېپىچەكلەپ، ئېغىر تىنىق تارتتى - دە، پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ بوشىشىپ كەتتى. ئۇ، جان ئۈزگەن ئىدى. ئۇلار ئاخىر ئارغىماقتىنمۇ ئايرىلدى. چاد تېگىن قاتتىق ئىچكى ئازاب ئىلكىدە،



ئاتنىڭ باش - كۆزلىرىنى بىردەم سىلىغاندىن كېيىن، قوللىرى بىلەن يۇمشاق قۇمنى كولاپ ئارغىماقنى كۆمۈپ قويدى.

— ماڭايلى، مەلىكە! — دېدى چاد تېگىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ تۇرغان مەلىكىگە قاراپ.

— نەگە بارىمىز؟

— مەنمۇ ئۇقمايمەن، لېكىن بىز مېڭىشىمىز كېرەك.

— قۇملۇقتىن چىقىپ كەتكىلى بولارمۇ؟ — مەلىكە ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى چاد تېگىنگە تىكتى.

— چوقۇم چىقىپ كېتىمىز، ھازىر نىشاننى بېكىتىش تەس، لېكىن پەمىمچە جەنۇبقا ماڭساق ئۇدۇن ئېلىگە، غەربكە ماڭساق قورۇم تاغلىرىغا، شىمالغا ماڭساق كۈسەن ئەللىرىگە چىقىپ كەتكىلى بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى كەينىمىزگە قايتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، مەلىكە، — دېدى چاد تېگىن تەمكىنلىك بىلەن، — مېنىڭچە شىمالىي يۆنىلىش ئەڭ يېقىن بولسا كېرەك، شۇ ياققا ماڭايلى.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، چادتېگىن!

مەلىكە ئاستا پىچىرلىدى. ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن ئىدى. چاد تېگىن سۇ تۇلۇمنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، مەلىكىگە سۇندى:

— ئازراق سۇ ئىچىڭ، ئۇسسىلىپ قالىسىز.

— ياق، مەن ئۇسسۇمىدىم، سىز ئىچىڭ!

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، مەلىكە، مەن ئۇسسۇزلۇققا كۆنۈك.

— مەنمۇ ئۆزۈمنى كۆندۈرەي، چاد تېگىن.

— ئەمىسە ئىككىمىز بىر يۇتۇمدىن ئىچەيلى.

— ماقۇل، ئاۋۋال سىز ئىچىڭ! — مەلىكە ئېغىزى ئېچىلغان سۇ تۇلۇمنى بارۇمتايغا سۇندى. چاد تېگىن مەلىكىگە بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، تۇلۇمنى ئېلىپ بىر يۇتۇم سۇ ئىچتى. مەلىكىمۇ بىر يۇتۇم ئىچتى. تېرە تۇلۇمدىكى سۇ ئىسسىپ، تەمى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن

ئۇلارغا تاتلىق تېتىپ كەتتى. ئۇلار قول تۇتۇشۇپ ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلىدى. تاغدەك بىر دۆۋە قۇم بارخىنىدىن ئۆتسە، ئالدىدا يەنە يېڭىدىن بارخانلار پەيدا بولاتتى. كۈندۈزدىكى ئاپتاپتا ئىسسىپ كەتكەن قۇم پۇت - قوللارنى كۆيدۈرەتتى. ئەتراپتىن ئۆسۈملۈك تۈرىگە مەنسۇپ ھېچقانداق نەرسىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى.

چوغدەك قىزارغان قۇياش ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى.

ساناقسىز قۇم بارخانلىرى كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمۈلدى. بارخان چوققىلىرى يىراقلاردىن قان رەڭگىدە ۋىللىدايتتى... ئەجەبا، چۆل - جەزىرىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس سېھرىي گۈزەللىكى بولامدىغاندۇ؟ مەلىكە ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سىرلىق ھاياجانغا چۆمدى. ئۇنىڭ تىنچ - خاتىرجەم ئۆتكەن 18 يىللىق ھاياتى قاياقلاردا قېپقالدى - ھە؟ زەڭگەر رەڭ لوپنۇر كۆلى ۋە ئۇ ياشناتقان كرورەن شەھىرىچۇ؟ بىر - بىرىگە تۇتاشقان يېشىل بوستانلىقلار ۋە يىراقلاردىن قارلىق چوققىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان مۇقەددەس تەڭرىتاغلىرىچۇ؟ سىرلىق تەكلىماكان ئۆز قوينىغا ۋەتىنىنى ۋە خەلقىنى يوقاتقان بىر جۈپ سەرگەردان ياشنى چىللاپ كەلدى. شۇنداقلا ئۇلارغا ھايات - ماماتلىق سىنىقىنى ئاتا قىلىپ، مۇھەببەت رىيازەتلىرىگە چۆمدۈردى. ئۇلار ئەمدى نەلەرگە بارار، پايانسىز چۆل - جەزىرىنىڭ قوينىدىن ئامان - ئېسەن چىقىپ كېتەرمۇ ياكى جەسەتلىرى قۇم باغرىغا مەڭگۈلۈك كۆمۈلۈپ كېتەرمۇ!؟...

ئاخىرقى شەپەق نۇرلىرىمۇ ئۆچتى. گۈگۈم پەردىسى تەكلىماكان چۆلىنى ئۆز قوينىغا ئالدى. تاتلىق خىياللارغا ئەسىر بولغان بىر جۈپ ياش ئۆزلىرىنىڭ تەكلىماكان قوينىدىكى ھايات - ماماتلىق تۇنجى كېچىسىنى باشلىدى. يىراق جايدىن ۋىڭىلدىغان بىر خىل ئاۋاز گاھ ئاڭلىنىپ، گاھ يوقاپ كېتەتتى. تەكلىماكان ئاسمىنىمو تۇمان قاپلىۋالغاندەك بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى. چاد تېگىن بىرھازاغىچە ئەتراپتىكى تىۋشلارغا قۇلاق سېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ قول-



لىرىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. مەلىكىنىڭ بىر گۈلىرىمۇ بىلىپ بولمايدىغان بىر ۋەھىمىنى سېزىپ تۇراتتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، چاد تېگىن؟

— نېمە بولدى؟ — دېدى چاد تېگىن ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك بىر قىياپەتتە.

— مەن قارا بوراننىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالدىم.

— قانداقسىگە؟

— ئىشتىلىپ، بىر شۇملۇقنى تۇيغاندەك قىلىۋاتىمەن...

— سىز نېمانداق سەزگۈر، — دېدى چاد تېگىن يېنىك كۈلۈمسىرەپ، — مەنمۇ سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، تەكلىماكاندا قارا بوران داۋاملىق چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن قورقماڭ، قولۇمنى چىڭ تۇتۇڭ، ھەرگىزمۇ قويۇۋەتمەڭ، توختاپ قالساق قۇم ئاستىدا قالىمىز!... قېنى ماڭايلى، بەرداشلىق بېرەلەمسىز، مەلىكە؟

— يېنىمدا سىزلا بولىدىكەنسىز، مەن ھەممىگە چىدايمەن!

دېگەندەكلا قارا بوراننىڭ شەپىسى يېقىنلاپ كەلدى. پايانسىز قۇملۇق گويا تىترەپ نەرە تارتىۋاتقاندەك بارخانلار تىنىمسىز سىلكىنەتتى. ئۇششاق قۇم دانىچىلىرى ئۇشقىرتىپ قالايمىقان ئۇچاتتى. كۆزنى ئېچىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەلىكە ئايىغى ئاستىدا يۇمشاق قۇم دانىچىلىرىنىڭ تىنىمسىز شىرىلداپ گويا سۇ ئېقىۋاتقاندەك ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. چاد تېگىننىڭ كۈچلۈك قوللىرى مەلىكىنىڭ بىلەكلىرىنى ئامبۇردەك چىڭ تۇتۇۋالغان ئىدى. قاراڭغۇدا بوراننىڭ ۋىڭىلدىشى ئىچىدىن چاد تېگىننىڭ بوغۇق ئاۋازى كېلەتتى:

— ھەرگىز قورقماڭ، مەلىكە، مېنى چىڭ تۇتۇڭ، بوران بىر دەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ!...

مەلىكە ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆزلىرىنى ئاچالمىدى. ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان بولسىمۇ چىشلىرى ئارىسىدا قۇم دانىچىلىرى غىرسىلدايتتى. ئاسمان گۈمبىزى ھازىرلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك، دەھشەتلىك

بوراننىڭ ھۇۋلاشلىرى قۇلاقنى ياراتتى. مەلىكە نەپسىنىڭ بارغانسېرى قىسىلىپ، پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ پات - پات قۇمغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. لېكىن، كۈچلۈك بىر قول قۇم ئارىسىدىن تارتىپ چىقىراتتى. ئۇ گويا دەھشەتلىك بىر چۈش كۆرۈۋاتقاندەك غۇۋا سەزگۈ ئىچىدە كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز كەلگەن شىددەتلىك قارا قۇيۇن ئۇلارنى قۇم بارخىنى ئۈستىدىن دومىلىتىۋەتتى. مەلىكىنىڭ قوللىرى چاد تېگىننىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. مەلىكە ۋارقىرىۋەتتى، دەھشەت بىلەن ۋىڭىلداپ ئېقىۋاتقان قۇم ئۇلارنى كۆمۈپ بارماقتا ئىدى. چاد تېگىن بار كۈچى بىلەن توۋلىدى:

— مەلىكە، سىز نەدە؟ تېز ھەرىكەتلىنىڭ! ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ!

بوراننىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازى چاد تېگىننىڭ ئاۋازىنى كۆمۈپ تاشلىدى. ھەش - پەش دېگۈچە مەلىكىنىڭ پۇت - قوللىرى قۇم ئاستىدا قالدى.

— مەلىكە، ئايقۇتۇم، مېنىڭ گۈزىلىم!

مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا پەقەت بوراننىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، يۈزلىرىگە قۇم دانىچىلىرى ئۇرۇلاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ جىسمىدا مىدىرلىغۇدەك مادارى قالمىغان ئىدى. ئاجايىپ شېرىن، ئاجايىپ تاتلىق بىر تۇيغۇ ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتىپ كېتىۋاتقاندەك كۆزلىرىگە ئۇيقۇ تىقىلىشقا باشلىدى... ئۆلۈم! مەلىكىنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. مەن ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، چاد تېگىنچۇ. قارا بوران بىزنى قۇم ئاستىغا كۆمۈپ تاشلارمۇ؟ قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرىنى تەسلىكتە قۇم ئىچىدىن تارتىپ چىقاردى. ئالدىغا ئاران بىر قەدەم ئېلىشىغا، يەنە قۇمغا پېتىپ قالدى... دەل ئاشۇ مىنۇتلاردا ئۇ، لوپنۇر كۆلىدىكى ھېلىقى دەھشەتلىك كېچىنى ئەسلەپ قالدى. گۈركىرىگەن قارا بوران، دەھشەتلىك چايقىلىۋاتقان سۇ، ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن دولقۇن... نېمىدېگەن ئوخشاشلىق - ھە! ئۇلار شۇ چاغدا نېمىشقا ئۆلمىدى، نېمىشقا قىرغاققا ئامان - ئېسەن



چىقىۋالدى، چاد تېگىننىڭ كۈچلۈك قوللىرى نېمىشقا ئۇنى بىردەممۇ قويۇپ بەرمەي قۇتۇلدۇرۇپ قالدى!؟ ئەمدىچۇ؟ چاد تېگىن يوق، ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرى يوق... ئۇنى قۇم كۆمۈپ تاشلىغانمىدۇ، نېمىشقا ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدۇ؟ ياق، ئۇنى قۇم يۇتالمايدۇ، ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھەقىقىي ئەركەك! ئەنە، ئۇنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ، قورقماڭ، بىز ئۆلمەيمىز، بىز ياشايمىز... دەۋاتىدۇ. ئەجەبا، ئۇلارنى مۇقەددەس لوپنۇرنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرى يۇتۇپ كېتەلمىگەن يەردە، تەكلىماكاننىڭ ئاقما قۇملىرى يۇتۇپ كېتەرمۇ؟ ياق، تەڭرى ئۇلۇغ، ئۇنىڭ مېھرى ئۇلۇغ. ئەنە، كۆك تەڭرى ئاسماننىڭ ئەڭ يۈكسەك قەۋىتىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىۋاتىدۇ...

مەلىكە يېرىم سەزگۈ ئىچىدە پۇتلىرىنى يۆتكەۋاتاتتى. بىراق ئۇ نەگە، قايسى يۆنىلىشتە مېڭىۋاتىدۇ؟ نېمىشقا ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ چىقالمايدىغاندۇ ياكى يوللارنىڭ ھەممىسى بىر خىل خاتا تۇيغۇمۇ!؟ ياق، مىدىرلاش كېرەك، جىم تۇرۇشنىڭ، ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇشنىڭ ئۆزى ئۆلۈم دېمەكتۇر. مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭىدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىر!...

مەلىكە ئاتىلاپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ، بېلىگىچە كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقان قۇم ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقاتتىيۇ، ھايال ئۆتمەي يەنە قۇمغا كۆمۈلۈپ قالاتتى...

بوران ئاۋازى بارا - بارا سۇسلىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، نېمە ئىشلار يۈز بەردى!... بىر چاغدا تاغدەك ئېغىر يۈك ئاستىدىن قوپقاندەك، مەلىكە ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى. ئۇ پۇت - قوللىرىنى قۇم ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئەتراپقا نەزەر سالدى. دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئۆز پېتى تۇراتتى. ئۇ قاتتىق ئۇسساپ، لەۋلىرىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، ئاغزىغا قۇم كىرىپ، چىشلىرىنىڭ غىرسىلداۋاتقانلىقىنى سەزدى. سۇ! بىر يۇتۇم سۇ بولسا - ھە! مەلىكە ئۇيۇشۇپ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان پۇت - قوللىرىنى سىلاپ ئۆزىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى، يۈرىكىنىڭ ئاۋۋالقىدەكلا سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلدى . ئۇ راستتىنلا چۈش كۆردىمۇ ؟ ئۇ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى . تەكلىماكاندا گويا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ، قۇم بارخانلىرىمۇ ، تىنىق ئاسمانمۇ ، چەكسىزلىككە سوزۇلغان كۆرۈنۈشلەرمۇ ، ھەتتا ئۇزاققا سوزۇلىدىغان چۆل سۈكۈناتىمۇ ئاۋۋالقىدەكلا داۋام قىلىۋاتاتتى .

مەلىكىنىڭ كۆزلىرى ناھايىتى يىراقتىكى بىر دۆڭلۈكتە سۈس يالتىراۋاتقان ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرىغا قايتا جان كىردى . كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى . تاشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئوت تۇچكىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى ...

## 11

ئالەمنى ماللىمان قىلغان بىر مەيدان شىددەتلىك قارا بوران تىنجىغاندىن كېيىن ، تەكلىماكان كېچىسىنىڭ سىرلىق سۈكۈناتى قايتا باشلاندى . ئاپئاق ئاي نۇرى قۇم بارخانلىرىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى . بارخان چوققىلىرىدىن ئەتراپقا قارىغاندا ، ئېگىزدە زېمىننى قاپلاپ تۇرغان زەڭگەر بوشلۇق ، پەستە خۇددى سانسىزلىغان تۆگە لوكىلىرىغا ئوخشاش بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى قاتلىنىپ تۇرغان قۇم دۆۋىلىرىلا كۆزگە چېلىقاتتى . كېچە ھاۋاسى بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى .

تېرە تۇلۇمدىكى ئاخىرقى بىرقانچە يۇتۇم سۇ مەلىكىنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىغان ۋۇجۇدىغا ئېقىپ كىردى . يېرىم سەزگۈ ئىچىدە ياتقان مەلىكە مۇزدەك سۇنىڭ تەسىرىدىن ئاستا - ئاستا ئېسىگە كەلدى . ئۇ قۇرۇپ گەز باغلىغان نېپىز لەۋلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىتىپ ، گويا ئۇيقۇدىن ئويغانغان سەبىي بوۋاق ئانا سۈتىگە قانغاندىن كېيىن ، تاتلىق تامشىغىنىدەك ئېغىزلىرىنى يېنىككىنە ھېمىرىپ قويدى . چاد تېگىن ئۈستىدىكى كەمزۇلنى يېشىپ مەلىكىگە يېپىپ قويدى . ئۇ ، ھەم خۇشاللىققا ، ھەم ئازابقا ياتمايدىغان بىر خىل ئىچكى سۈكۈت ئىچىدە



مەلىكىنىڭ ھوشىغا كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى . بىر چاغلاردا ئۇ لوپنۇر ساھىلىدا نەم قۇمغا باش قويۇپ ھوشسىز ياتقان مەلىكىگە مانا شۇنداق قاراپ ئولتۇرغان ئىدى ...

— مەلىكە ، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ !

مەلىكە ناھايىتى سۇس ، ئەمما ئۆزىگە تونۇش بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلدى . لېكىن ، بۇ ئاۋازنى نەدە ئاڭلىغانلىقىنى ، كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى . شۇنچىلىك تونۇش ، شۇنچىلىك يېقىملىق ئاۋازغۇ بۇ !؟

— مەلىكە ، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ ، بىز ئۇچراشتۇق ، مەن چاد تېگىن ، مەن بارمۇتاي !

ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى . بۇ قېتىم تېخىمۇ روشەن ، تېخىمۇ ئوچۇق ئاڭلاندى . مەلىكە بار كۈچىنى يىغىپ كۆزلىرىنى ئېچىشقا تىرىشتى . بىراق ، كۆزلىرى سۇر قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمىدى . ئۇ ئاۋازنى قويۇپ بېرىپ تووۋلىماقچى بولدى . لېكىن ، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئاۋازى چىقمىدى .

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى مەلىكە ئۆزىمۇ ئۇقالمىدى . بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى بارغانسېرى يورۇپ كېتىۋاتقان بوشلۇقنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سانسىزلىغان دۈگىلەك - دۈگىلەك چەمبەرلەر گاھ پەيدا بولۇپ ، گاھ يوقىلىپ نۇرۇسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى . مەلىكە شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزاق ياتقاندىن كېيىن ، غۇۋا بوشلۇق ئىچىدىن بارا - بارا گەۋدىلىنىپ چىقىۋاتقان بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزنى كۆردى .

— بوران ئۆتۈپ كەتتى ، مەلىكە !

— شۇنداقمۇ ، چاد تېگىن ؟ — مەلىكە سۇس پىچىرلىدى ، — بىز تېخى ھاياتكەنمىز ! ...

مەلىكە قۇرۇشقا باشلىغان لەۋلىرىنى يېنىك يالاپ قويدى . چاد تېگىن يېنىدىكى سۇ تۇلۇمنى سىقىپ سىپاپ دېگۈدەك ئاران ئازراق سۇ

يىغدى - دە ، مەلىكىگە سۇندى . مەلىكە تېرە تۇلۇمنى قولىغا ئېلىۋېتىپ ، چاد تېگىنىنىڭ لەۋلىرىنىڭمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ سۇ تۇلۇمنى چاد تېگىنگە قايتۇرۇپ سۇندى :

— سىز ئىچىڭ ، چاد تېگىن ، ئۇسساپ كېتىپسىز .

— ياق ، مەلىكە ، مەن ئۇسسۇمىدىم ، سىز ئىچىڭ !

— گېپىمنى ئاڭلاڭ ، چاد تېگىن ! — دېدى مەلىكە كەسكىنلىك بىلەن ، — ئاڭلىشىمچە قىز - ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا ئۇسسۇزلۇققا چىداملىق كېلەرمىش .

— سىز بەك ھېرىپ كەتتىڭىز ، مەلىكە .

— سىز ئىچمىسىڭىز ، مەنمۇ ئىچمەيمەن ! — مەلىكە خۇددى قېيدىغاندەك يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالدى .

— ئەمسە تەڭ ئىچەيلى ، مەلىكە ، بولامدۇ ؟

مەلىكە يېنىك كۈلۈمسىرەپ قويدى . ئۇلار تېرە تۇلۇمدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئازراق سۇنى بىر يۇتۇمدىن ئىچىشتى . بۇ بىر يۇتۇم سۇ گويا ئۇلارغا چەكسىز ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغاندەك ، ئۆزلىرىنى ناھايىتى يېنىك ھېس قىلىشتى .

ئادەمسىز ، سۇسىز ھەم شاۋقۇنسىز تەكلىماكان قوينى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولغان چۆل سۈكۈناتىغا ئەسىر بولغان ئىدى . پايانسىز قۇملۇق ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان ساماۋى بوشلۇق ئاي نۇرىدا ئاقۇش رەڭدە كۆرۈنەتتى . يىراقتىن بارخانلار ۋىلىلدايتتى ...

ئۇلار ئولتۇرغان بارخان چوققىسى ئەتراپتىكى بارخانلاردىن خېلىلا ئېگىز بولغاچقا ، بۇ يەردىن خېلى يىراق جايلاردىكى چوقچىيىپ تۇرغان بارخانلارنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى . مەلىكە ئەتراپتىكى تىمتاس مەنزىرىلەرگە خېلى ئۇزاققىچە قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئىختىيارسىزلا چاد تېگىنگە قارىدى . يىگىت ئېمىلەرنىدۇر خىيال قىلغىنىچە ، يىراقلاردىن كۆز ئۈزمەي جىمغىنا ئولتۇراتتى .



ئاق كۆڭلەك بۇغداي ئۆڭ كەلگەن توخرى شاھزادىسىگە خوپ ياراشقان ئىدى . يىگىتنىڭ كەڭ يەلكىلىرى ، يوغان بىلەكلىرى ، كەسكىنلىك چاقناپ تۇرغان چوڭ كۆزلىرىدە ھەقىقىي ئەركەكلەرگە خاس شىجائەت ۋە گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇراتتى . مەلىكە چاد تېگىننىڭ بۇرۇت - ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى ، قويۇق ھەم ئىنچىكە بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى قېلىن لەۋلىرىدە ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر يوشۇرۇن ئىپادىنىڭ بارلىقىنى سەزدى . چاد تېگىن مەلىكىگە لەپپىدە بىر قارىغان ئىدى ، كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن مەلىكە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە شۇئان كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى ...

ئاپئاق ئاي نۇرى قىزنىڭ قۇياشتەك پارلاپ تۇرغان چىرايىغا تۆكۈلۈپ تۇراتتى . سۇس قوڭۇر رەڭ چاچلىرى نازۇك مۈرىلىرىنى يېرىم ياپقان ئىدى . ئاي نۇرىدا قويۇق كىرپىكلىرى مەڭزىلىرىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى .

مەلىكە كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ قىزلىق ۋۇجۇدى سىرلىق ھاياجان ئىلكىدە لەرزىگە كەلگەن ئىدى . چاد تېگىن ئۆزىنىمۇ سەزمەيلا ئۆز جىسمىنىڭ مەلىكىنىڭ ئوتتەك قىزىپ تۇرغان ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ... ئاۋۋال ئۇلارنىڭ چاچلىرى ، مۈرىلىرى ، مەڭزىلىرى بىر - بىرىگە تېگىشتى . ئاندىن پۈتۈن گەۋدىلىرى ، تىنىقلىرى ۋە لەۋلىرىمۇ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى ...

— مەلىكەم ... مېنىڭ ئايقۇتۇم ، ... مېنىڭ گۈزىلىم !

— چاد تېگىن ، ئارسلانىم ... مېنىڭ يىگىتىم !

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن باشلانغان مۇھەببەت سىمفونىيىسى تىمتاس تەكلىماكان قوينىدا داۋام قىلىۋاتاتتى ...

— بىز ئۆلۈپ كېتىمىز ، شۇنداقمۇ ، چاد تېگىن ، مەن سېزىۋاتىمەن ... بىز ھامىنى ئۆلۈپ كېتىمىز ، كەل ، مېنى چىڭ قۇچاقلا ، ھەرگىزمۇ قويۇۋەتمە ... بىز مۇشۇ قوشۇلغىنىمىزچە ھەرگىزمۇ ئايرىلمايلى ... لوپنۇر كۆلىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىمۇ ، يات قوۋملار-

نىڭ تاجاۋۇزىمۇ، تەكلىماكاننىڭ قارا بورانلىرىمۇ بىزنى ئايرىۋېتەلمىدى. ئەمدى بىزنى ھېچكىم، ھېچنېمە ئايرىۋېتەلمەيدۇ. بىلەمسەن، مەن ناھايىتى خۇشال ... مەن سېنى سۆيىمەن، ئەزەلدىن سۆيىمەن ... سېنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئۆلۈمەن ...

سۇس شامال قاياقلاردىندۇر ئىللىق چاكاندا ھىدىنى ئۇچۇرۇپ كەلدى. يىراقلاردا بارخانلار تىنىمسىز جىمىرلايتتى.

— مەنمۇ شۇنداق، مەلىكە، بىزنى قوشقان كۆك تەڭرىگە، مۇقەددەس لوپنۇرغا، سىرلىق تەكلىماكانغا رەھمەت ... مىڭ مەرتىۋە رەھمەت! مەن چۈشلىرىمدە، يىگىتلىكىمدە ... سىزنى قانچىلىك سۆيەتتىم – ھە! سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قۇياش ۋە ئاي تەڭرىلىرىمۇ خىجىل بولىۋاتىدۇ، ئېيتىڭا، سىزگە بۇ گۈزەللىكنى كىم ئاتا قىلدى؟ ئاڭلاڭ، گۈزىلىم، بىز تەكلىماكاندىن چىقىپ كېتىمىز، مەن سىزنى يىراقتىكى تىنچ ئەللەرگە ئېلىپ كېتىمەن، بىز ئايرىلمايمىز، بىللە ياشايمىز، مەڭگۈ بىر – بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز!..

قىز – يىگىتنىڭ قەلبىنى يېرىپ چىقىۋاتقان مۇھەببەتلىك نىدالار يەر ئانىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاستا – ئاستا سىڭىپ كەتتى. ئاسمان سىلكىنەتتى، قۇملۇقلار تىترەيتتى، بارخانلار پىرقىرايتتى ...

— مېنى «سەن» دېگىن، چاد تېگىن، قارا، بارخانلار جىمىرلاۋاتىدۇ، ئاي تەڭرى كۆكتە تۇرۇپ زېمىنغا نۇر سېپىۋاتىدۇ ... مەن خىجىل بولىۋاتىمەن، ئاي تەڭرىدىن ئەيمىنىمەن، قارا، ئۇ بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ ... مېنى تۇسۇۋال، يەلكەڭ بىلەن تۇسۇۋال، كۆزلىرىم ئاي تەڭرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىسۇن ... بىز گۇناھ ئۆتكۈزدۇقمۇ؟ ياق، چاد تېگىن، بىز ئۆلۈپ كېتىمىز ... مەن ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىدا خۇشال بولىۋاتىمەن، مەن ھەممە نېمەنى ساڭا تاپشۇرغىنىمدىن خۇشال بولىۋاتىمەن، سەنچۇ، سەنمۇ خۇشالمۇ، چا دتېگىن؟!

بىر جۈپ ئوتلۇق ۋۇجۇد ھەممە نەرسىنى — دۇنيانى، ئالەمنى، كىشىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشتى. تەكلىماكان ئۇلارغا ئۆز قوينىنى ھۇجرا،



بارخانلىرىنى يۇمشاق تۆشەك، ئاي نۇرىنى ئاپئاق پەردە قىلىپ بەردى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىك تىنىقلىرىدىن مەست بولدى. يەرنى سېلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ ۋىسال شادلىقىغا چۆمۈلگەن بىر جۈپ ئوتلۇق قەلب سوۋۇشقا باشلىغان تەكلىماكان قوينىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت ھارارىتى ئارقىلىق ئىسسىتماقتا ئىدى ...

سۈبھى يورۇپ تاڭ ئاتتى. تەكلىماكاننىڭ شەرقىي بۇرجىكى ئاقىرىپ، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەر ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. ھايال ئۆتمەي يەردىن ئۈنگەندەكلا قۇياش كۆتۈرۈلدى. ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى يۇمشاق قۇمغا يېرىم كۆمۈلۈپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بۇ بىر جۈپ ئاشىق – مەشۇقنى ئويغاتتى. ئۇلار كىيىملىرىنى چاققانلىق بىلەن كىيدى – دە، ئەتراپىغا قاراپ نىشاننى بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن، قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلىدى.

تاغدەك – تاغدەك ئېگىز بارخانلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولاتتى. ئۇلار بىر قەدەم ئالدىغا باسسا، يەنە بىر قەدەم كەينىگە كېتەتتى. قۇياشنىڭ تەپتىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى.

— تېز ماڭايلى، مەلىكە، ئۇزۇق – تۈلۈك تۈگىدى. تېخىمۇ مۇھىمى بىر تېمىممۇ سۇ قالمىدى. بۈگۈن ئامال قىلىپ قۇملۇقتىن چىقىپ كېتەيلى!

— بۇ مۇمكىنمۇ، چاد تېگىن؟

— تامامەن مۇمكىن، ھەممە ئىش ئۆزىمىزگە باغلىق.

مەلىكە گويا ئەركىلىگەندەك چاد تېگىننىڭ بىلەكلىرىگە يۈزلىرىنى سۈركىدى.

قۇم بارخانلىرى بارا – بارا پەسلەپ، چاكاندا، يانتاق قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئاندا – ساندا ئۇچراپ تۇرسىمۇ، قۇملۇقنىڭ ئاخىرقى چېكى كۆرۈنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. غايەت زور ئوت شارىدەك لاۋۇلداۋاتقان قۇياش زېمىننى كۆيدۈرۈۋاتاتتى. قۇم دانىچىلىرىدىن

قوقاس تەپتى كېلەتتى.

ئۇلار ئۇزاق ماڭدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدى. ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق، ئوتتەك ئىسسىق، ھارغىنلىق ... ھەر دەقىقىدە ئۇلارنىڭ جىسمىدىكى ھاياتىي كۈچىنى، جاسارىتىنى خورىتىپ بارماقتا ئىدى. بىر چاغدا چاد تېگىن غۇۋا سەزگۈ ئىچىدە پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ، كۆز ئالدىنىڭ قاراڭغۇلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىپ مەلىكىگە سەپسالدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن مەلىكە ئىڭرىغاندەك پىچىرلىدى:

— مەن بولالمىدىم ... ئۇسساپ كەتتىم ...

— غەيرەت قىلىڭ، مەلىكە، ماڭساقلا چۆلدىن چىقىپ كېتىمىز!

چاد تېگىن شۇنداق دېدىيۇ، ئۆزىنىڭمۇ ماڭغۇدەك مادارى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ مەلىكىنى سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى. بىر قەدەم، ئىككى قەدەم ... ئۇلار شۇ تەرىقىدە مېڭىپ بىر بارخانىنىڭ ئۈستىگە چىقاي دېگەندە مەلىكە بىر ئىڭراپلا ئولتۇرۇپ قالدى-دە، تۆۋەنگە دومىلاپ كەتتى. چاد تېگىنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن دومىلاپ چۈشتى. يۇمشاق قۇم دانىچىلىرى ئۇلار بىلەن تەڭلا پەسكە ئېقىپ چۈشتى.

— مەلىكە، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!

مەلىكىدىن ھېچقانداق تىۋىش چىقمىدى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەن ئىدى. چاد تېگىن مەلىكىنى ئاستاغىنە يۆلىدى. ئۇسسۇزلۇقتىن ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى چاك-چاك يېرىلىپ كەتكەن ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ چاد تېگىننىڭ بېشى تاشتەك قاتتى. ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. مەلىكە ئۆلۈپ كېتەرمۇ، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن جان بېرەرمۇ؟ سۇ، ئېھ سۇ! شۇ تاپتا بىر يۇتۇم سۇ بولسا-ھە؟!

قۇياش نۇرى زېمىننى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. قاغجىرىغان قۇم بارخانلىرى گويا ئالۋۇندەك ۋىلىلدايتتى. چاد تېگىن پەسكە ئېڭىشىپ لەۋلىرىنى مەلىكىنىڭ قۇرۇپ گەز باغلىغان لەۋلىرىگە باستى. لېكىن،



ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆز ئاغزىدا مەلىكىنىڭ قۇرۇغان ئاغزى-لەۋلىرىنى ھۆللىگۈدەك سۈيۈقلۇقنىڭ بار-يوقلۇقىنى ھېس قىلالمىدى. راست، ئۇنىڭ ئاغزىدا يۇتقۇدەكمۇ تۈپرۈكى قالمىغان ئىدى. قورقۇنچلۇق خىيال بارغانسېرى ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتىشقا باشلىدى. مەلىكە راستىنلا ئۆلۈپ كېتەرمۇ ... ياق، ئامال تېپىش كېرەك، ھەرىكەت قىلىش كېرەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەلىكىنىڭ ھاياتىدىنمۇ مۇھىمراق نەرسە يوق ...

چاد تېگىن تۇيۇقسىزلا بەش-ئالتە قەدەم نېرىدىكى بىر تۈپ يانتاقنى كۆرۈپ قالدى-دە، خۇددى بىر ئامال تاپقاندەك ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. يانتاقنىڭ تۈۋىنى كولىسا سۇ چىقىپ قالارمۇ؟ ... ئۇ بۇنىڭ بىر ئەخمىقانە خىيال ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، گويا ھازىرلا سۇ چىقىپ قالىدىغاندەك ھېچنېمىگە قارىماستىن ھېلىقى يانتاق ئاستىنى قوللىرى بىلەن كولاشقا باشلىدى، ئىسسىق دەستىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. ئۈستىۋېشى توپا-چاڭغا مىلەندى. ئۇ كولىغانسېرى ئەسەبىيلەشتى، قۇم-توپىلار ئەتراپقا شىددەت بىلەن چاچرايتتى. ناۋادا سۇ چىقىپ قالىدىغانلا بولسا، زېمىننىڭ، يەر ئانىنىڭ ئۇ قېتىنغىچە توختىماي قېزىشقا رازى ئىدى. ئەجەبا، سۇ چىقماسمۇ، يەر ئانىنىڭ ۋۇجۇدى شۇنچىلىك رەھىمسىز، شۇنچىلىك قۇرۇقمىدۇ؟ چاد تېگىن ئۇزاققىچە كولىدى، ئەسەبىيلىك بىلەن كولىدى. بارماقلىرى قاناپ، تىرناقلىرى ئاغرىق ئازابىنى سەزمەس بولۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ داۋاملىق كولىدى ... قۇملار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئورەك تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتى، بىراق سۇ تۇرماق، ئورەكتىن ئازراق نەملىكمۇ كۆرۈنمىدى، ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ كۆپۈككە ئايلانغان چاد تېگىن قوللىرى بىلەن باشلىرىنى چاڭگاللاپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، ئۆزىنى زادىلا تۇتالمىدى، مەلىكە ئۆلۈپ كېتەرمۇ، دېگەن مۇدھىش خىيال ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇرغۇدەك دەرىجىدە قىيىنماقتا ئىدى.

قۇياش بارا-بارا غەربكە قىيسىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان تەكلىماكان ئىسسىقى تېخىچە يانمىغان ئىدى. چاد تېگىن

ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى سۆرەپ مەلىكىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى ـ دە، ئاستا ئېگىشىپ، پاخپايغان چاچلىرىنى، توپا باسقان يۈزلىرىنى، ساقاللىرى ئۆسكەن ئېڭەكلىرىنى ۋە قۇرۇغان لەۋلىرىنى قىزنىڭ هوشسىز، سېزىمسىز مەگزىلىرىگە ۋە بويۇنلىرىغا سۈركىدى. ئاندىن قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك يېنىدىكى پىچىقىنى ئېلىپ ئۆز بېلىكىگە سانجىدى. تەپچىرەپ چىققان بىرقانچە تامچە قىپقىزىل سۇيۇقلۇق مەلىكىنىڭ قۇرۇغان لەۋلىرىگە ئېقىپ چۈشتى. بىرهازا ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە ئاغزىنى يېنىك تامشىپ، ئاستا ـ ئاستا كۆزلىرىنى ئاچتىيۇ، يەنە يۇمۇۋالدى. مەلىكىنىڭ هەرىكەتلىرىنى ئۈنسىز كۆزىتىپ ئولتۇرغان چاد تېگىن جىددىيلىشىپ قىزنى يېنىك ئىرغىتتى.

— مەلىكەم، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!

— چا... چاد تېگىن... مېنىڭ يىگىتىم! — مەلىكە كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئاچتى. — بىز ئۆلمەيمىز، شۇنداقمۇ؟ مەن چۈش كۆردۈم. ئەنە، كرورەن شەهرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرى. ئەنە، دولقۇنلىنىپ تۇرغان مۇقەددەس لوپنۇر! ... بىز لوپنۇر سۈيىدە ئۈزۈۋاتىمىز... ئاي سەيلىسى قىلىۋاتىمىز. قارىڭا، سىزنىڭ پالاق ئۇرۇشلىرىڭىزغا، سۇ نېمىشقا شۇنداق ئىسسىق، مەن بەك ئىسسىپ كەتتىم، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك قىلىمەن... بىراق، ئاسمانمۇ ئاجايىپ ئىسسىق!

مەلىكىنىڭ ئاۋازى بارا ـ بارا ئاڭلانماي قالدى. چاد تېگىن مەلىكىنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇقالمىدى. قىزنىڭ كۆزلىرى يەنە يۇمۇلۇپ قالغان ئىدى. چاد تېگىن بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ مەلىكىنى گاه كۆتۈرۈپ، گاه سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى. ئالدى تەرەپتىكى بارخان چوققىسى خىيلىلا ئېگىز ئىدى، چاد تېگىن يۇمشاق قۇمنى تاتىلاپ، ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا ئالدىدىكى بارخان چوققىسى كەينىدە سۇلار شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئاجايىپ بىر بوستانلىق ئۇلارنى كۈتۈۋاتقاندەك، ئادەملەر ئېقىنى مىغىلداپ تۇرغاندەك هېس قىلىپ كەتتى، هەتتا ئۇ، بۇ خىل سەزگۈگە ئىشىنىپمۇ قالدى. راست، ئۇلار



ئاخىرقى چەككە، ئاخىرقى گىرۋەككە كېلىپ قالدى، مۇشۇ بارخاندىن ئاشسىلا هاياتلىق دۇنياسىغا قايتىپ كېلىدۇ، هەممە نەرسە — ۋەتەن، هاياتلىق، مۇهەببەت ۋە گۈزەللىك ئەسلىگە كېلىدۇ، يېڭى تۇرمۇش قايتىدىن باشلىنىدۇ... شۇنداقكەن، ئەمدى كرورەن مەلىكىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتىمۇ!؟ ياق، ئۇ هەرگىز ئۆلمەيدۇ!

— چاد تېگىن... قىينىلىپ كەتتىم... راستتىنلا قىينىلىپ كەتتىم، مەن بىلىۋاتىمەن، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا مۇزدەك سۇدا يۇيۇنۇپ پاك ـ پاكىز بولۇپ كەتسەم بولاتتى... سۇ نەدە؟ مېنى چىڭ قۇچاقلاڭ، قورقۇۋاتىمەن... مېنى سۆيۈپ قويۇڭ، ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ قويۇڭ!

— ئۇنداق دېمەڭ، مەلىكەم، بىز تېخى هاياتقۇ. قاراڭ، بىز تەكلىماكان گىرۋىكىگە كېلىپ قالدۇق، ئالدىمىزدىكى بارخاندىن ئاتلىساقلا بوستانلىق چوقۇم كۆرۈنىدۇ. مېنىڭ قۇلىقىمغا سۇ شاۋقۇنى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ماڭايلى، غەيرەت قىلىڭ، مەلىكەم!

چاد تېگىن مەلىكىنى يېنىك سۆيۈپ قويدى ۋە يەنە ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بارخان چوققىسى بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇلار گويا ئالدىغا ئەمەس، بەلكى كەينىگە چېكىنىپ كېتىۋاتقاندەك بىر پاسسىپ تۇيغۇ چاد تېگىننى قىينايتتى... ئەنە، بارخان چوققىسىغا بەش قەدەم قالدى، ئۈچ قەدەم قالدى، ئىككى... چاد تېگىن ئاخىرقى كۈچى بىلەن گەۋدىسىنى هەرىكەتلەندۈرۈپ، بېشىنى كۆتۈرگەن ئىدى، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى، ئۇ، هاياجىنىنى باسالماي ئۈنلۈك ۋارقىرىۋەتتى:

— سۇ، مەلىكەم، ئەنە، سۇ!

يىراقتا — ئاهايىتى يىراقتا كۆنچى دەرياسى گويا بىر كۈمۈش لېنتىدەك لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتاتتى... ئۇپۇققا باش قويغان كەچكى قۇياش نۇرى دەريا يۈزىدە جىمىرلايتتى...

— قاراڭ، مەلىكەم، كۆنچى دەرياسى، ئۇ بىزنى چاقىرىۋاتىدۇ!

چاد تېگىن ئىچ - ئىچىدىن ئۆرگۈپ چىقىۋاتقان ھاياجان ئىلكىدە مەلىكىنى قاتتىق سىلكىدى. بىراق، ئۇلار ھالاكەت دېڭىزىدىن ھاياتلىق قىرغىقىغا يېتىپ چىققان، قاغجىراپ ياتقان تەكلىماكانغا كۆنچى دەرياسىنىڭ يېنىك شاۋقۇنى ئاڭلانغان ئاشۇ دەقىقىدە گۈزەل كىرورەن مەلىكىسىنىڭ ئاخىرقى تىنىقى ئۈزۈلگەن ئىدى...

— مەلىكەم، مېنىڭ مەلىكەم، ئايقۇتۇم، قۇياشىم!

زېمىن تەۋرىنەتتى، قۇملار تىترەيتتى، ئاسمان پىرقىرايتتى... بىراق، مەلىكىدىن سادا چىقمىدى، مەلىكىنىڭ جانسىز ۋۇجۇدى ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن ئىدى. كەچكى شەپەق نۇرى تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە، بارخان چوققىلىرىدا، كۆزلىرى مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان گۈزەل قىزنىڭ كىرپىكلىرىدە چاقنايتتى...

— مەلىكە، مېنىڭ مەلىكەم!

زېمىن تەۋرىنەتتى، قۇملار تىترەيتتى، ئاسمان سىلكىنەتتى... بىراق، مەلىكىدىن سادا چىقمىدى. كۆنچى دەرياسى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن يېنىك شامال بارخان چوققىلىرىدىكى ئۇششاق قۇم دانىچىلىرىنى، تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى ئىللىق چاكاندا ھىدىنى، تىنىقى توختىغان گۈزەل قىزنىڭ قوڭغۇر رەڭ قويۇق چاچلىرىنى ئاستا ئۇچۇراتتى...

چاد تېگىن مەلىكىنىڭ قېتىپ قالغان ۋۇجۇدىغا ئېچىنىش ئىچىدە بىرھازا قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا قاتتىق چۆچۈپ، مەلىكىنى لىككىدە كۆتۈرگەن پېتى دەريا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە تولغان ئىدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى.

— بىز قۇتۇلۇپ كەتتۇق، مەلىكە، ئاخىر تەكلىماكاننىڭ قوينىدىن چىقىپ كەتتۇق، قاراڭ، كۆنچى سۈيى جىمىرلاۋاتىدۇ. بىراق، سىز نېمىشقا كۆزىڭىزنى ئاچمايسىز، يېڭى دۇنيانى، ھاياتلىقنى نېمىشقا كۆرمەيسىز؟ بىزگە ئەمدى ئۆلۈم مەنسۇپ ئەمەس. بىز ھاياتلىق قوينىغا قايتىپ كەلدۇق، مەن خۇشاللىقتىن يىغلاۋاتىمەن، مەلىكە، مەن ئىشەن-



مەيمەن، بۇ مۇمكىنمۇ؟ سىز كۆنچى سۈيىدە يۇيۇنغاندىن كېيىن قايتا تىرىلىسىز، سىز ئۆلمەيسىز، بۇ راست!

چاد تېگىن مەلىكىنى كۆتۈرۈپ، جان - جەھلى بىلەن دەرياغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. دەريا بويىغا يېتىپ بارسىلا مەلىكە ھاياتلىققا ئېرىشىدىغاندەك، گۈزەل جامالىدا ۋىلىقلاپ تاتلىق تەبەسسۇم پەيدا بولىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇنى ئۈمىدلەندۈرەتتى.

ئەتراپنى گۈگۈم پەردىسى ئۆز قوينىغا ئالدى، بىر چاغدا ئۇنىڭ پۇتلىرىغا نەم توپىلار تەگكەندەك، ۋۇجۇدىغا ھۆل ئېقىن ئۇرۇلغاندەك قىلدى - دە، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، چاد تېگىن مەلىكىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلىغان پېتى ھوشىدىن كەتكەن ئىدى...

## 12

ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. قۇياش پارلاپ تۇرغان ئالتۇنرەڭ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئاللىقاچان قۇرۇقدىلىپ، چۆلدەرەپ قالغان كىرورەن شەھىرى ئەتراپىدا ئاق ئارغىماققا مىنگەن قىران بىر يىگىت پەيدا بولدى. يىگىت ئېتىنى دېۋىتكەن پېتى سېپىللىرى ئۆپرىغان، قوۋۇقلىرى چىرىپ تۈگىگەن، قۇم - توزانلار ئۇچۇپ يۈرگەن ئادەمسىز شەھەرگە كىرىپ كەلدى. شەھەرنى يېرىم دېگۈدەك قۇم باسقان بولۇپ. ئاللىقاچان ھاياتلىق ئۆچكەن بىر تاشلاندۇق خارابىگە ئايلانغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ھەشەمەتلىك ئوردا، ئېگىز - ئېگىز پەشتاق - مۇنارلار، كەڭرى كوچا - كويلار، كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى شارىلداپ ئاقىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر قۇم ئاستىدا قالغان ئىدى. ھەممە نەرسە گويا قەبرە ئاستىغا مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىۋېتىلگەندەك بىر چاغلاردىكى ئاۋات كىرورەن شەھىرىمۇ تەكلىماكان قۇملىرىغا ئورنىتىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى...

ئەتراپتىكى كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەرگە نەزەر سالغىنىچە كېتىپ

بارغان ھېلىقى يىگىت ئىپادىلەپ بېرىش قىيىن بولغان ھېسلارغا چۆمۈلدى. قويۇق قاشلىرى ئاستىدا كۆزلىرى ئوتتەك چاقناپ تۇرغان، سەل - پەل ئورۇقلاپ، قارايغان يۈزلىرىگە قويۇق بۇرۇت - ساقال قونغان بۇ بەستلىك يىگىت چاد تېگىن ئىدى! ئۇ شىمالنىڭ يايلاق دالىلىرىدا، تەڭرىتېغىنىڭ ئورمان - جىلغىلىرىدا بىرقانچە يىللار سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندىن كېيىن، غەربكە — ئۆز ئېلى توخرىلار كەتكەن تەرەپكە كېتىش قارارىغا كەلگەن بولۇپ، سەپەر ئۈستىدە كروراننى قايتا كۆرۈپ كېتىش ئىستىكىدە بۇ يەرگە كەلگەن ئىدى. توخرىلار ھونلارنىڭ زەربىسى ئاستىدا غەربكە سۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىلى دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىنى ماكان تۇتۇپ دۆلەت قۇرغان ئىدى.

چاد تېگىن ئادەمسىز كروران شەھرىنى تولۇق بىرقۇر ئايلىنىپ چىقتى. قۇم - توپىلار ئۈچۈپ يۈرگەن كروران خارابىسىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك ھېچقانداق مەنزىرە يوق ئىدى. ئادەمسىز، شاۋقۇن - سۈرەنسىز بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشىنى ئۆزى بىلەن بىرگە تەكلىماكان قۇملىرىغا دەپنە قىلىۋەتكەن ئىدى...

چاد تېگىن ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىيات ئىلكىدە كروران شەھەر خارابىسىدىن قايتىپ چىقتى ۋە ئاق ئارغىماقنىڭ بېشىنى كۆنچى دەرياسى ساھىلى تەرەپكە بۇرىدى. ئۇ گويا ئۆزىنى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلار ئىلگىرىكى بىر قىيتىملىق تاتلىق چۈشنى قايتا ئەسلەۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. راست، بۇ بىر مەيدان چۈش! چاد تېگىن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى قانداق سىرلىق چۈش بولسا، كروراننىڭ ئۆتمۈشىمۇ شەك - شۈبھىسىزكى بىر سىرلىق چۈش ئىدى...

ئاجايىپ ئىش، قىسقىغىنا بىرقانچە يىلدىلا قانچىلىك زور ئۆزگىرىشلەر بولغان - ھە؟ ھەممە نەرسە — شەھەرمۇ، لوپنۇر كۆلىمۇ، كۆنچى دەرياسىمۇ، تەكلىماكان گىرۋەكلىرىمۇ ئۆز ئەسلىنى يوقاتقان ئىدى. چاد تېگىن كۆنچى دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ



تاپالمىدى. ئەينى چاغدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن كروران پۇقرالىرى بىلەن بىللە مەلىكە ئايقۇتنى دەپنە قىلغان دۆڭلۈكنى تېخىمۇ تاپالمىدى.

چاد تېگىن يىراقلاردا سۇس يالتىراپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىغا قاراپ خىيالغا چۆكتى. شىددەتلىك دولقۇنلىرى ئەمدىلا بېسىلغان لوپنۇر ساھىلىدا مەلىكە ئايقۇت ئاپئاق نۇرغا چۆمۈلۈپ ئولتۇراتتى. قىزنىڭ قوڭۇر رەڭ چاچلىرى شامالدا تىنىمسىز يەلپۈنەتتى. ئۇ، ئىككى بىلىكىنى كەڭ ئېچىپ چاد تېگىننى چاقىرىۋاتاتتى...

ئاق ئارغىماقنىڭ يېنىك كىشنىشى يىگىتنى تاتلىق خىياللار قايىنمىدىن سۇغۇرۇپ چىقتى... ئۇ بىر خىل مۇرەككەپ تۇيغۇ ئىلكىدە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىلەرگە ئاخىرقى قېتىم ئۇزاققىچە قارىدى. خەير، ئۇيقۇغا كەتكەن كروران، خەير، مۇقەددەس لوپنۇر، خەير، گۈزەل كروران مەلىكىسى! تەكلىماكاننىڭ يۇمشاق قۇملىرىغا ئورنىتىپ مەڭگۈ تىنچ ياتقىن!... ئانا تەكلىماكان ئۆز قوينىدا تۇغۇلغان گۈزەل رىۋايەتلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا يېڭىدىن - يېڭى سېھرىي كۈچ قوشىدۇ...

ئاق ئارغىماق يۇمشاق قۇملارنى تىلغاپ، ئۆز ئىگىسىنى تىمتاس تەكلىماكان قوينىدىن يىراقتىكى ئەللەرگە ئېلىپ كەتتى.

## خاتىمە

توكيو.

1992 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن سوققان غۇر - غۇر شامال شەھەر ئاسمىنىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئەتىگەنلىك بىر قەۋەت نېپىز تۇماننى سۈرۈپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. كېچىدىن بۇيانقى سىم - سىم يامغۇردا پاك - پاكىز يۇيۇلغان شەھەر كوچىلىرى يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرىدا ۋىلىلدايتتى. توكيو شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ياپونىيە

دۆلەتلىك ئىلىم - پەن مۇزېيىنىڭ ھەيۋەتلىك سارىيى ئالدىدىكى كەڭرى مەيدان تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن تاماشىبىنلار بىلەن تولدى. ماشىنىلاردىن چۈشكەن كىشىلەر ئالدىراشلىق بىلەن ئۇدۇلدىكى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان ھەشەمەتلىك كۆرگەزمىخانىغا كىرىشكە باشلىدى. يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا نەچچە مىڭلىغان ھەۋەسكار تاماشىبىنلار كۆرگەزمىخانىغا يىغىلىپ بولدى. كۆرگەزمىخانىنىڭ ھەممە كۆرگۈدەك يېرىگە «قەدىمىي كرورەن گۈزىلى جەسىتى ۋە قەدىمكى يادىكارلىقلار» دەپ يېزىلغان ياپون، ئىنگلىز ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى چوڭ خەتلىك لوزۇنكا ئېسىلغان ئىدى. كۆرگەزمە زامانىۋى ئۇسلۇبتا ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا لوپنۇر رايونىدىن تېپىلغان قەدىمكى «كرورەن گۈزىلى» نىڭ جەسىتى ۋە تەگرىتاغ ئېتەكلىرى، شۇنداقلا تارىم ۋادىسىدىن قېزىۋېلىنغان 300 پارچىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قويۇلغان ئىدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە — ياپونىيىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان دۆلەتلىك كۆرگەزمىلەر ئىچىدە كۆلىمى زور، مەزمۇنى مول، يادىكارلىقلىرى خىلمۇخىل، تەسىرى چوڭ بولغان بىر قېتىملىق كۆرگەزمە پائالىيىتى ئىدى.

شۇ كۈنى چۈشكىچە كۆرگەزمىگە قويۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەۋرىشكىلىرى كۆرسىتىلدى. چۈشتىن كېيىن، ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن دۇنياسىدىكى ئەڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قەدىمكى كرورەن شەھىرىنىڭ مودېللىق كۆرۈنۈشى، لوپنۇر كۆلىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىش جەريانى پايتەختتىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى تەرىپىدىن پۈتكۈل ياپونىيىگە كۆرسىتىلدى. مىليونلىغان ياپونىيىلىكلەر تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى يىراق تەكلىماكاننىڭ پىنھان چوڭقۇرلۇقلىرىغا غەرق بولغان قەدىمكى كرورەن شەھىرىنىڭ سىرلىق ئۆتمۈشىگە مەپتۇن بولۇشتى.

... زۇمرەتتەك كۆكۈش لوپنۇر كۆلى قۇياش نۇرى ئاستىدا تىنىمسىز جىمىرلاپ تۇراتتى. سۇس شاۋقۇن سېلىپ، تەكلىماكان گىرۋەكلىرىنى يالاپ ئېقىۋاتقان كۆنچى دەرياسى يىراقتىن گويا بىر كۈمۈش بەلۋاغدەك كۆرۈنەتتى. كرورەن شەھىرىنىڭ سېپىللىرى ئېگىز ھەم مۇستەھكەم ئىدى. شەھەر كوچىلىرىدا كىشىلەر توپى مىغىلدايتتى. كۆنچى دەرياسى تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرى شەھەرگە تېخمۇ جۇشقۇنلۇق بېغىشلايتتى. شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان ئوردا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەيۋەتلىك پەشتاق - مۇنارلار ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قوۋۇقلىرىدىن ئالتۇن كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ، قاتار - قاتار تۆگە كارۋانلىرى كىرىپ كېتىۋاتاتتى...

ئېكران ئالدىدا ئولتۇرغان كىشىلەر ھاياجانغا چۆمدى. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ سىرلىق تەبىئەت قوينىدا جاسارەت بىلەن ياشاۋاتقان ساپ، سەبىي دەۋرىنى يادىغا ئېلىشتى ... ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈ قايتماس ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئىدى.

بىر پەستىن كېيىن تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا 1980 - يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە بايقالغان بىر گۈزەل ئايال ( كرورەن گۈزىلى ) نىڭ جەسىتى كۆرسىتىلدى. جەسەت كاربون 14 ( C14 ) ئارقىلىق خىمىيىۋى ئانالىز قىلىنىش نەتىجىسىدە 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ بېكىتىلگەن ئىدى.

قۇرغاق ھاۋا ھەم قۇرغاق قۇم - تۇپراق ئاستىدا ناھايىتى بىجىرىم ۋە ھەممە ئەزالىرى تولۇق ساقلانغان بۇ جەسەتنىڭ ئۆز دەۋرىدە گۈزەل، كېلىشكەن ئايال ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا تېلېۋىزور ئېكرانىدا «كرورەن گۈزىلى» دەپ نام بېرىلگەن بۇ قەدىمكى جەسەتنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشى كۆرسىتىلدى. قىز ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى! ئۇنىڭ قاشتېشىدەك ئاپئاق يۈزلىرىدە ئاجايىپ بىر سېھرىي نۇر، پەقەت ئابىللاردىلا بولىدىغان مىسلىسىز لاتاپەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. قىزنىڭ

سـەل ـ پـەل ئۇچلۇق ئېگـەكـلىرى ، ئۇزۇن ھەم قويۇق قاش ـ كىرپىكلىرى ، ئېقىپ چۈشكەندەك قاڭشارلىق بۇرنى ، گىلاستەك قىزىل ھەم نېپىز لەۋلىرى ، مۈرىلىرىگىچە چۈشۈپ تۇرغان قويۇق قوڭغۇر رەڭ چاچلىرى ئۇنىڭ نۇقسانسىز گۈزەللىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى . قىز بىرھازاغىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرغاندىن كېيىن ، بىردىنلا لەپپىدە قىلىپ كۆزلىرىنى ئاچتى ، قىياقتەك ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىر ـ بىرىدىن ئاجرالدى . ئۇنىڭ زۇمرەت ئاسماندەك تىنىق كۆزلىرى تېلېۋىزور ئېكرانىدا نۇرلاندى ...

تىنىچ ئوكياندىكى بۇ ئارال دۆلىتى « كرورەن گۈزىلى »نىڭ مىسلىسىز يېقىملىق لاتاپىتىدىن لەرزىگە كەلدى . قەدىمكى مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە خۇشتار ياپونىيىلىكلەر تېلېۋىزور ئېكرانىغا قاراپ ئولتۇرغىنىچە گاھ مەشھۇر رەسسام داۋىنچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى « مونالىزا »نىڭ سىرلىق تەبەسسۇمىنى ، گاھ قەدىمكى يۇناندىكى مۇھەببەت ئىلاھى « ۋېناس »نىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ يېپەك يولىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ساھىبجامال ئىدى !

كرورەندە ياتقان سىرلىق قۇياشنىڭ كەچكى جىلۋىسىنى كىم بىلىدۇ ؟ تەكلىماكاندا غايىب بولغان قەلئە ـ شەھەرلەرنىڭ شاۋقۇنلۇق ھاياتىنى كىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ ؟ كرورەن گۈزىلىنىڭ غايىۋى ھېكايىسىنىچۇ ! ؟ ئېھتىمال ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش گۈزەل ئۆتمۈشى بار بولغىيدى ، كىشىلەر قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ، تاتلىق تەبەسسۇمى بىلەن ئاچچىق كۆز يېشىدىن پۈتۈلگەن سىرلىق رىسالىسى بار بولغىيدى ...

شۇنداق ، ئۇ بىر سېھىرلىك ئەپسانە ئەمەس ، گۈزەل بىر رىۋايەتمۇ ئەمەس ... ئۇ ، تەكلىماكاننىڭ بىزگە سوۋغا قىلغان مىسلىسىز گۈزەل كۈيى . بۇ گۈزەل كۈيىنى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە كىشىلەر تەكلىماكان گىرۋەكلىرىنى يالاپ ئېقىۋاتقان تارىم سۈيىنىڭ يېنىك شاۋقۇنىدىن ، سانجاق ـ سانجاق قۇم بارخانلىرىنىڭ تىنىمسىز جىمىرلىشىدىن ، لوپنۇر كۆلىنىڭ بارا ـ بارا ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان تىنىقىدىن ، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ مۇڭدىشىدىن ، تەكلىماكان چۆلىنىڭ مەڭگۈلۈك سۈكۈناتىدىن ئاڭلاپ كەلدى ھەم مەڭگۈ ئاڭلايدۇ !

شۇنداق ، تەكلىماكاننىڭ گۈزەل ھەم سېھىرلىك رىۋايىتى تېخى ئاخىرلاشمىدى .



## ئاپتور ھەققىدە



كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلغان بۇ پوۋېستنى ياش يازغۇچى ، تەتقىقاتچى ئەسئەت سۇلايمان يازغان .

ئەسئەت سۇلايمان 1969 ـ يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان . 1986 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنە شۇ فاكۇلتېتتا فولكلور كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت بولۇپ ئوقۇپ ، « بۇرە توتېمى مەدەنىيىتى » ناملىق ماقالىسى بىلەن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . 1996 ـ يىلدىن باشلاپ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ .

ئەسئەت سۇلايمان ھازىرغىچە « 20 ـ ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق » ، « تۇران ۋە ئىراننىڭ دىئالوگى » ، « تەكلىماكانغا دۇملانغان روھ » ، « ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت يىغىلمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى » قاتارلىق بىر تۈركۈم قىممىتى يۇقىرى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ، جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى . ئۇ يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ « شەبنەم يالتىرىغان كېچە » ، « ئۇيقۇغا كەتكەن كرورەن گۈزىلى » قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ كىتابخانلارنىڭمۇ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى .

« ئۇيقۇغا كەتكەن كرورەن گۈزىلى » ناملىق بۇ پوۋېست يازغۇچىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى ، شۇنداقلا بىزدە يىراق قەدىمكى زامانلار ھەلىتى ئاجايىب پەدىشى ئەسۋۇرلار ئارىلىق جانلاندۇرۇلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى .